«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى (834)
“东风工程” 图书出版项目之 834

ئىنتىپاقلىق ئۈلگىسى، نەمۇنىلىك ئاساسىي قاتلام كادىرى

# مىجىت ئېلى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق
ئابلەت جۇمە تۇپراق

ئىنتىپاقلىق ئۆلگىسى، نەمۇنىلىك ئاساسىي قاتلام كادىرى

# مىجىت ئېلى

( ئەدەبىي ئاخبارات )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

全国民族团结模范—米吉提·艾力 ：维吾尔文/ 吾布力阿西木·哈斯木·卡依纳克，阿布来提·居马·土普热克著. — 喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2010.1

ISBN 978-7-5373-2028-3

I. ①全… II. ①阿… ②吾… III. ①米吉提·艾力—生平事迹—维吾尔语（中国少数民族语言）IV. ①D263

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2010）第 015027 号

责任编辑：阿布拉江·色依提
责任校对：拜合提亚尔·阿布力米提

全国民族团结模范—米吉提·艾力

策 划：刘长明
作 者：吾布力阿西木·哈斯木·卡依纳克
阿布来提·居马·土普热克

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32 开本 5 印张 4 插页
2010 年 2 月第 1 版　2010 年2月第 1 次印刷
印数：1 —— 18420　定价：7.40 元

如有质量问题，请与我社联系调换　电话：0998 - 2653927

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى






باش شۇجى خۇجىنتاۋ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق مەركەز، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى بوياقچىغىل كەنتىگە كېلىپ مىجىت ئېلىنى يوقلىدى ۋە كەنتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى





باش شۇجى خۇجىنتاۋ مىجىت ئىلىغا مەركەزنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزۈش
بىلەن بىرگە، ئۇنى قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇل-
لىنىپ، دېھقانلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلەشكە ئىلھاملاندۇردى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





مەجىت ئېلى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بېرىلىپ ئىشلىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق-لىقى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دېھقانلارنى بېيىش يولىغا دادىل يېتەكلىدى









مىجىت ئېلى ئۆزىنىڭ ئەجىر - مېھنىتى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالدى، مەملىكەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك شەرەپلەرگە نائىل بولدى. ئىلگىرى - ئاخىر « مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى »، « مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى »، « مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس » قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشىپ، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





زىيادە چارچاش مىجەت ئېلىنى يېقىنتى. ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ
تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۆزى تېخى قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى ئويلاپ كۆڭلى
پەرىشانىدى






ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت تارماقلىرى مىجىت ئېلىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلدى. تېببىي خادىملار پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزغان بولسىمۇ، ئەمما 2005 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مىجىت ئېلى بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. نۇرلۇق بىر يۇلتۇز خانئېرىق ئاسمىنىدىن ساقىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇش. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقنىڭ تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرى ئارىسىدا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىپ، ئۇلارغا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان، ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ئاخبارات ـ نەشرىيات ئامموۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى ھەممە يېزا ـ كەنتلەرگە كىتاب، ئۈن ـ سىن نەشر بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىش — «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى»دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى مۇساپىسى ۋە مەركەزنىڭ «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشكە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتىگە ئائىت

پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى، سەھىيە ـ ساقلىقنى
ساقلاش بىلىملىرىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قانۇن ساۋاتلىرىنى
ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ
ئىدىيە ۋە ئەخلاق تەربىيەسىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قوش تىل
مائارىپى ئوقۇشلۇقلىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى
مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، كۆڭۈل
ئېچىشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا
قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، ماركسىزملىق دىن قارىشى،
پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياستى ۋە دىن سىياستىگە دائىر
بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار قاتارلىق ئون
چوڭ تۈر بويىچە نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ئورۇنلاشتۇ-
رۇلدى. مەزمۇن جەھەتتە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت
بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسي
لىنىيە قىلىندى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ
«ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي تاپقان، تۇرمۇشى باياشات، يېزا
ئىستىلى مەدەنىي، كەنت مۇھىتى رەتلىك ۋە پاكىز،
باشقۇرۇشى دېموكراتىك بولۇش»قا يېتىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈش نىشان قىلىندى؛ نەشر قىلىشتا «دېھقانچىلىق-
چارۋىچىلىق كەسىپلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق ـ
چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقان ـ چارۋىچى-
لارغا يېقىنلاشتۇرۇش»مەقسەت قىلىندى؛ ھەرمىللەت دېھقان-
چارۋىچىلىرى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان،
ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش پرىنسىپ قىلىندى. بىز نەشر
بۇيۇملىرىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈشكە،
تېكىستىمۇ، رەسىممۇ، ئاۋازىمۇ بار قىلىپ چىقىرىشقا

تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولۇشىغا، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقانىمىزدا، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى بىلىملەر ئارقىلىق ھەرمىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى يۈكسەكلىك ۋە يېڭى نەزەرگە ئىگە قىلىشقا تىرىشتۇق.

بىز يەنە «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» ئارقىلىق ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشى، كىتاب ئوقۇشى تەس بولۇش مەسىلىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولۇشىنى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنى كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىشىنى، ئازسانلىق مىللەت يېزىلىرىدىكى مۇنەۋۋەر نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، كىرىمىنى كۆپەيتىپ، ئىلمىي بېيىشىنى ئەقلىي مەدەت ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقىنىڭ
«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ......................... 1
دىلنى ئىللىتقان باھار ......................... 3
يول ئىزدەش، پۇل ئىزدەش......................... 33
يىراقتا نەزەر......................... 62
ئىشلىگەنىنىڭ يۈزى يورۇق......................... 101
ھاياتلىق ئاسمىنىدىن ساقىغان يۇلتۇز......................... 128
گۈزەل ئەسلىمە، يۈكسەك پەزىلەت......................... 136
خاتىمە ......................... 151

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# مۇقەددىمە

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مىجەت ئىبلىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى. تۆت يىل مۇقەددەم مىجەت ئىبلى بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان بولسىمۇ، بىراق كىشىلەر ئۇنى ئىتىز قىرلىرىدا كۆرگەندەك، يەنە يېڭى شەرەپلەرنى قۇچۇپ پايتەختتىكە كەتكەندەك ياكى دائىم ئىش-ئەمگەكلەردە ئۆزلىرى بىلەن بىرگە يۈرگەندەك ھېس قىلىشاتتى. بۇنىڭغا نېمىلەر سەۋەب بولغان؟ بىر مەنىدىن قارىساق، مىجەت ئىبلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەلقچىللىق روھى، يۈكسەك پەزىلىتى، ئۆز يۇرتى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ھالال ئەجىر - مېھنىتى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى يەنە بىر تەقدىرىنىڭ نامايان قىلىنىشى ئەمەسمىدۇ؟!

ئېنىقكى، ھايات چەكلىك، ئۆلۈم مەڭگۈلۈك بولىدۇ. بىراق، ئادەمنىڭ چەكلىك ھايات مۇساپىسىدە ياراتقان نەتىجىلىرى ئۆلگەندىن كېيىنكى قىممىتىنى ئۆلچەپ بېرىدۇ. بەزىلەر ھەقىقەتەن قىسقا ھايات مۇساپىسىدە ئاجايىپ ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى يارىتىپ، ھاياتقا ئابىدە تىكلەيدۇ، ئۇلار ئۆلسىمۇ، ئۇلارنىڭ خەلق قەلبىدە قالدۇرغان ئۆچمەس تۆھپىلىرى يادلىنىدۇ، مانا بۇ شۇ ئادەمنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى شۆھرىتىنى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى غەربىي خەن سۇلالىسى

دەۋردە ياشىغان ھەم شۇ زاماندا مەشھۇر ئاتالغان سى ماچيەن ئىسىملىك ئوردا تارىخچىسى مۇنداق يازغان: «كىشى ئاخىرى ئۆلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمى ھاڭگىت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ». بۇنى بىر ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنىڭ يەكۈنلىنىشى دېگىلى بولمىسىمۇ، ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەشنىڭ مىزانى قىلىشقا بولىدۇ. شۇڭا، ماۋزېدۇڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق تەتبىقلىغان: «خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆلۈش تەيشەن تېغىدىنمۇ قەدىرلىك بولىدۇ؛ فاشىستلار ئۈچۈن غالچىلىق قىلىپ ئۆلۈش، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە ئېزىدىغانلار ئۈچۈن ئۆلۈش ھاڭگىت پېيىدىنمۇ قەدىرسىز بولىدۇ». بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك قەدىر- قىممىتى ئۇنىڭ ياشاش جەريانىدىكى مەيدانى، قىلغان خىزمىتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىم بولسۇن، ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلالىسىلا، ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتى تەڭرىتېغىدىنمۇ قەدىرلىك، ئۆلگەندىن كېيىنكى روھى دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر، مېھرىلىك، جەلپكار بولىدۇ. مىجىت ئېلىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئۆلمەس روھى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. شۇڭا ئۇ بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى ئۆلمىدى، يوقالمىدى، قەدىرلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# دىلنى ئىللىتقان باھار

## ھەي، بوياقچىغىل!

بىز بىلىدىغان 20- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىدا ھەممە ئادەم نامرات، بىچارە ئىدى. بىراق، بىز بۇنى بىر خىل شەرەپ، بەخت بىلەتتۇق، شۇنداق دېمىگۈدەك ۋە مەجبۇرىي ئېتىراپ قىلمىغۇدەك بولساق، ئۇ بىزنىڭ ئايىنىپ كېتىشىمىز بولۇپ، ھاياتىمىز سىناق مەيدانىغا كۆزى ئوچۇق تاشلىناتتى.

بىز گېپىنى قىلىۋاتقان بوياقچىغىل بولسۇن ياكى بىز تەرىپىنى قىلىۋاتقان مىجىت ئېلى بولسۇن، ئاشۇ يىللارنىڭ شاھىتى ئىدى. بوياقچىغىل كەنتى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى چوڭ دەريانىڭ بىرسى بولغان گەز دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان كىچىككىنە بىر روزىغار ماكان ئىدى! مانا مۇشۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، تەكلىماكانىنىڭ قۇم - بورانلىرى ئۇنىڭغا تىنىمسىز ئارام بەرمەيتتى، تۆۋەنكى ئېقىن بولسا سۇ بەرمەيتتى! 1529 نوپۇس ئۆزىگە ئاران 0.5 مودىنمۇ توغرا كەلمەيدىغان 3000 مو يەرگە قاراشلىق ئىدى.

ئۇزاق زامانلار داۋامىدا بوياقچىغىل نۇرغۇن ئىسسىق- سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈردى. يېقىنقى زامان تارىخىنى نەزەرگە

ئالساقمۇ، ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن «يەر ئىسلاھاتى»، «ئىجارە كېمەيتىش»، «كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش»، «خەلق گوڭشېسى قۇرۇش»، «داجەيدىن ئۆگىنىش»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەنلەرنى بىر - بىرلەپ باشتىن كەچۈردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل رىتىمدا قانات يايغان ھەرىكەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرلىرى دېھقانلارغا شادلىق ۋە بەخت ئاتا قىلسا، يەنە بىرلىرى بالايىئاپەت، بىچارىلىكنى بەخشەندە قىلدى.

ئۇلارنىڭ تەشنالىقى ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىنىپ تۇراتتى. بىرسى، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق، بوران ئاپىتى ۋە يازدا گەز دەرياسىغا تۇيۇقسىز كېلىپ قالىدىغان كەلكۈن ئاپىتى بولسا، يەنە بىرسى، سىياسەت توغرا تەتبىقلانماي، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرۈلمەسلىك ئىدى، بولۇپمۇ پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئىسكەنجىسى ئاخىرىدا كىشى بېشى يىللىق كىرىمنى 42 يۈەنگە، بۇغداي مو بېشى مەھسۇلاتىنى 70—80 كىلوگىرامغا، كېۋەزنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى 20 كىلوگىرامغا چۈشۈرۈپ قويدى. دېھقانلار دۆلەتنىڭ «قۇتقۇزۇش ئاشلىقى»غا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

ناچار تەبىئىي شارائىت بىلەن «سول لۇشيەن» بوياقچىغىل كەنتىدىكى دېھقانلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60 -، 70 - يىللىرىدا «گاڭگياۋغا يېتىش»، «چاڭجياڭدىن ئۆتۈش»، «داجەيدىن ئۆگىنىش» شوئارلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى، دېھقانلار كۆن - كۆنلەپ، كېچە - كېچىلەپ ئۆگىنىش قىلاتتى، كەنت ھويلىسىغا ئورنىتىلغان راديو كانىيىدىن «ئەڭ

ئالىي يولىيورۇق» ياڭراپ تۇراتتى. ئاكتىپلار ئاكتىپلىق ھېسسىياتى بويىچە ھەممە ئىشتا باشلامچى ھەم تۆھپىكار بولۇپ، ئۇلاردا ھېچقانداق ئىقتىدار بولمىسىمۇ، ئۈلگىلىك نەمۇنىچى، ئاۋانگارت ئىدى. باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى قارىغۇلارچە قوللىنىش يوللۇق، ماس كەلمىسىمۇ كېڭەيتىش شەرەپلىك ھېسابلانسىمۇ، چىرايلاردىن كۈلكە، كۆزلەردىن بەخت نۇرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قەھرىتان قىش، پىژغىرىم تومۇز ئىسسىق جانغا ئىككى ساناسىمۇ، بەرداشلىق بېرىپ قارىغۇلارچە ئىشلەش ئومۇمىي كەيپىيات بولۇپ شەكىللىنىپ قالغانىدى. ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، كېزىك سەۋەبلىك قورۇق ئۆستىخان بولۇپ قالغان، تاز- قوتۇر بېسىپ، شور كالپۇك بولۇپ كەتكەن ساقسىز كىشىلەرنى ھەممە ئائىلىدىن تېپىشقا بولاتتى. نامراتلىق سەۋەبىدىن ئادەملەر بىر ئىشتاننى قىشتا پاختىلىق، يازدا پاختىسىز قىلىپ كىيىش ئادەت بولۇپ شەكىللەنگەنىدى.

ئاشۇ يىللاردا بوياقچىغىل ئۆز ئىسمىغا مۇناسىپ ھالدا شەكىللەنگەن، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن سەگەز، خام توقۇش، بوياش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرغان بولسا، ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى، كەسىپ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ، ئومۇ بېيىش ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ بىر يولى بولۇپ قالار ئىدى. ھالبۇكى، شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلار «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلار، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغانلار» قاتارىغا تىزىلىپ، بوياق كۆپلىرى چەيلەندى، بوياقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار رەڭلەر يۈزلىرىگە سۈۋۈلۈپ «سازايى» قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە ئىگىلىكى بىراقلا يوقالدى. كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى، ھايات ھەم ياشاردى، ھەم

خوراپ ئۆزىنىڭ قانۇنىيەتلىك ئارخىپىنى يېزىۋەردى. ھالبۇكى، ھاياتنىڭ لەززەت ئېلىش بىلەن لەززەت بېرىشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىرى ئۆز ھەققانىيىتىنى تاپالمىدى. كىشىلەر نېمىلەرگىدۇر تەشنا بولدى، نېمىلەرنىدۇر سېغىندى، ھەتتا ئۇلار ئۆزىگە، ھاياتىغا سوئال قويۇپ باقتى. ھەممىسى جاۋابسىز قالدى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر سادا جانلىق رەۋىشتە داۋالغۇپ يۈردى. ئۇلار بىر تەشنا بولغان نەرسىلەر قاچان كېلەر دەپ ئۈمىدلەندى. نەدىلا بولسۇن قورساقنىڭ گېپىنى قىلىش، قىشتا ئوتۇن-كۆمۈرنىڭ غېمىنى يېيىش قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان باش ئاغرىقى ئىدى......

شۇنداق قىلىپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- ، 90 - يىللىرىدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق بازىرىدىكى بۇ كىچىك ماكان نامرات كەنت بولۇپ شەكىللەندى، نامراتلىق دەرىجىسى بېكىتىلگەندىمۇ مەملىكەت بويىچە ئەڭ نامرات كەنت، ئەڭ نامرات دېھقان - چارۋىچىلار ماكانى بولۇپ ئايرىلدى.

## تەشنالىق يامغۇرى

ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىكى تەشنالىق ھامان ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. 1978- يىلى كەچ كۈزدە چىققان بوران بوياقچىغىلىدىكى بارلىق دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى تۆكۈپ، كۈزگى بۇغداي مايسىلىرىنى قۇم بىلەن كۆمۈۋەتتى. بىرقانچە كۈندىن كېيىنكى بىر كېچىسى بورانمۇ توختىدى. سەھەردە چىققان قۇياش بوران سوققان بۇ يۇرتقا ئېچىنىش بىلەن قاراۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا كەنت ھويلىسىدىكى

راديو كانىيىدىن بېيجىڭدا ئېچىلغان پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن «ئىككى ئومۇمەن»گە خاتىمە بېرىلىپ، بىر يېڭى دەۋر، يەنى ئېچكى قىسىمغا قارىتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرى باشلاندى. بۇ، ئىللىق قۇياش نۇرىدەك بوياقچىغىللىقلارنىڭ مۇزلىغان قەلب ـ دىلىغا هارارەت ئاتا قىلدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

— ئەمدى ياخشى كۈنلەر كېلەمدۇ ـ نېمە؟!......

— ھەتتاڭەي......

— بۇ گەپلەرگە شاھىت بولۇپ تۇرغان مىجىت ئېلىنىڭ غوزژىدە ئاچچىقى كەلدى:

— ھەتتاڭەي دېگەن نېمە گەپ بۇ؟! پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ئىشەنمىسەك بولمايدۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىش كېرەك دېدىما؟ بۇ ئاساسسىز ئەمەس. پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ئىشىنەيلى، ئەمدى تۇرمۇش قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئىشلار قايتىدىن ياخشىلىنىدۇ، ۋەزىيەت كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولىدۇ، سوتسىيالىزم ئەمدى تەرەققىي قىلىدۇ، دېھقانلار باي بولىدۇ.ئەمدىكى ھايات قايتىدىن باشلىنىدۇ؟!......

— مىجىت ئاكا، سىز ئورۇنلۇق گەپ قىلىسىز ھەم ئويلاپ گەپ قىلىسىز، سىز دېگەن ئىشلارنىڭ تولىسى توغرا چىقىدۇ، — دېدى ياش دېھقان يىگىت گەپ كوچىلاپ، — سىز كومپارتىيە ئەزاسى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى. سىز دەپ بېقىڭا، زوۋۇكتا دېيىلگەن گەپلەردىن قانچە پىرسەنتى توغرا چىقار؟

— بۇنى ئەسلىدىكى يىغىندا دېيىلگەندىن نەچچە ئون



www.uyghurkitap.com

ھەسسە قىسقارتىپ دەيدۇ، دىگەنىدىمۇ جەۋھىرىنى دەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھەممىسى توغرا چىقىدۇ، — دىدى مىجىت ئىبلى چۈشەندۈرۈپ.

— ئاشۇ ئىشلاردىن بىر قىسمى بىزنىڭ مۇشۇ يەردىمۇ بولارمۇ؟

— بولمامدۇ؟ ھەممىسى بولىدۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ھەممە يەردە ئوخشاش. پارتىيەگە ئىشەنمىسەك بولمايدۇ؟

— شۇنداق بولغاي ئىلاھىم.

— چوقۇم بولىدۇ، — دىدى مىجىت ئىبلى كەسكىن قىلىپ، — نەچچە يىلدىن بۇيان «سول لۇشيەن» بىلەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ھەممىلا يەرنى پاراكەندە قىلدى. مەركەزنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ياخشى سىياسىتىمۇ تولۇق ئەمەلىيلەشمىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ زەھىرىنى تازىلاش ئىلىپ بېرىلىدۇ، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش دىگىنىمىزدەك يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. يېزىلاردا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇرۇن نۇرغۇن ئىشنى قىلالمىدۇق، ئەمدى قىلىشقا پۇرسەت چىقىدۇ! ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، ئىشلىمىگەنلەر چىشلىمەيدۇ. ھورۇنلار قالىدۇ، تىرىشچانلار ئۇزىدۇ. قاراپ تۇرىسلەر......

— مىجىت ئاكا، — دىدى ھىلىقى ياش دىھقان بىردىنلا توگدىن پوك چىققاندەكلا، — سىز شۇنچىلىك سەزگۈر، بىراق سىزگە ھازىرقى ھوقۇق بەك كىچىك كىلىپ قالدى. بۇنىڭدىن كىيىنكى تەرەققىياتنى نەزەرگە ئالغاندا سىزدەك ئادەملا ۋەزىيەتنىڭ ئالدىدا ماگالايدۇ، كەنتنىڭ رەھبەرلىرىنى قايتا سايلاپ سىزنى كەنت باشلىقى قىلمىساق بولمايدۇ. شۇ چاغدا

سىز ئۇرنىڭىزنى تاپىسىز.

— بۇنداق گەپنى قىلغۇچى بولما، سىكرىتار ئاڭلىسا رەنجىپ قالىدۇ، بۇ گەپنى سەندىن كۆرمەي، مىنى دەپتۇ دەپ مەنىڭ خاپا بولىدۇ. بۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلما، — دىدى مىجىت ئېلى جىددىيلىشىپ، — بۇ ئۇنچىۋالا ئاددىي ئىش ئەمەس. سىكرىتارنىڭ كارامىتى بار ئادەم، بىزنى ياخشى يىتەكلەيدۇ. بولمىغان جايىنى خىزمەت جەريانىدا ھەل قىلىپ تۈزىتىپ ماڭساق، ئوخشاشلا ياخشى نەتىجىسى بولىدۇ.

— ياق، ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى بولمىسا بولمايدۇ.

— سەنمۇ ياق دىمە، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، يەنە بىر يەردە ئاڭلاپ قالسام سەندىن كۆرىمەن.

قانداقلا بولسۇن، بۇمۇ شۇ چاغدىكى دىھقانلارنىڭ ھىسسىياتى ۋە قەلبىدىكى ئىش ئىدى. بۇ بىرلا ئەدەمنىڭ ئەمەس، كۆپ سانلىق ئاۋامنىڭ تەشنالىقى، تەققەززالىقى جەم بولغان ئىھتىياج ئىدى.

## مايىللىق ۋە قايىللىق

مىجىت ئېلى بايىقى يىگىت دىگەندەك بەك سەزگۈر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز ئەتراپىدا يۈرگەن ئادەملەردىن ئاز - تولا ئاق-قارىنى پەرق قىلىدىغانلارنىمۇ، بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن، دەيدىغانلارنىمۇ، يىتەكلەپ، يۆلەپ، رىغبەرلەندۈرۈپ قويسا ئالغا باسىدىغانلارنىمۇ ئوبدان بىلەتتى، چۈشىنەتتى. ئىگىز بوي، ئاق سىرىققا مايىل كەلگەن بۇ ئادەم تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولسىمۇ،ساپا ۋە قابىلىيەت جەھەتتىن ئۆز دىمەتلىكلىرى ۋە كارامىتىم بار دەپ ئۆزىنى



www.uyghurkitap.com

داۋالاپ يۈرىدىغان ئادەملەردىن خېلى كۆپ ئالدىغا يۈرۈپ كەتكەنىدى. بايىقى يىگىتنىڭ گېپى ئۈنىڭ مۇشۇنداق كۆزىتىش ئىقتىدارى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقى ئۈچۈنلا دېيىلگەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئومۇميىلىقنى نەزەردە تۇتالايدىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. كەنت سېكرېتارى ئۇزاق مۇددەت بۈيرۇقۋازلىق بىلەن باشقۇرۇشقا كۆنۈپ قالغان، ئۈنىڭ ئۈستىگە يېشى چوڭىيىپ، سالامەتلىكىمۇ ياخشى بولماي، كەنت خىزمىتى كۆپ ھاللاردا ئارقىدا قېلىۋاتاتتى، ھەتتاكى ئۈنىڭ ئورۇن بوشىتىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۈنىڭ بۇ ئورۇندىن بىر مىنۇتمۇ ۋاز كەچكۈسى يوق ئىدى. مجىت ئېلى بۇنى بىلگەنلىكتىن، بايىقىدەك گەپ بولسىلا ئۆزىنى قاچۇرۇپ، باشقىلارنى توساتتى.

مجىت ئېلى 1952 - يىلى بوياقچىغىلدا تۇغۇلدى. ئۈنىڭ ئاتا - ئانىسى بەكمۇ تىرىشچان ئادەملەردىن بولۇپ، ھالال ياشاپ، ھالال تۇرمۇش كەچۈرۈپ، باللىرىنى بىر - بىرلەپ قاتارغا قوشتى. باللارنىڭ ئىچىدە مجىت ئېلى سەزگۈر، تىرىشچان، قەتئىي ۋە شىجائەتلىك بولۇپ، دېھقانلارغا خاس سەممىيىتى ۋە كىشىلەرگە خىزمەت قىلىشتەك ئۆزگىچىلىكى بىلەن باشقا قېرىنداشلىرىدىن پەرقلىق چوڭ بولدى. ئۇ مەكتەپنى تۈگىتىپ ئېتىزغا قەدەم قويغاندا تۇرمۇشى تازىمۇ قاتتىقچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئۇ باللارلا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ تىرىشچانلىقى بىلەن چوڭلار، تەڭتۇشلار ئارىسىدا ھۆرمەت، ئىززەتكە سازاۋەر بولدى، رەھبەرلەر قەلبىدە ئېتىراپ قىلىشقا كۆپ قېتىم ئېرىشتى ھەمدە 1974 - يىلى كومپارتىيەگە ئەزا بولۇپ كىردى. 1968 - يىلى دېھقانلارنىڭ

كۆرسىتىشى، رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى بىلەن مەھەللە باشلىقى بولدى، كېيىن بالداقمۇبالداق ئۆرلەپ كەنتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. ئۇ بۇ خىزمەتنى ئىشلەۋاتقان بىرنەچچە يىلدىن بۇيان زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، دېھقانلارنى يۆلەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدى. شۇڭا، مەيلى دېھقانلار ئارىسىدا بولسۇن ياكى يېزا رەھبەرلىرى ئارىسىدا بولسۇن، ئىناۋەت - ئابرۇيى يۇقىرى ئىدى. بەزىدە يېزا رەھبەرلىرى نۇرغۇن ئىشلارنى كەنت مۇدىرى ياكى كەنت سېكرېتارىدىن سورىماي، ئۇنىڭدىن سورايتتى، يەنە بىر قىسىم دېھقانلارمۇ دەردىنى باشقا رەھبەرلەرگە دېمەي، ئۇنىڭغا بىۋاسىتە دەيتتى. بۇ ھال كەنتتىكى باشقا رەھبەرلەرنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، ئۆچمەنلىكىنى قوزغايتتى. بىراق، ئۇ بۇنداق ئىشلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئىش قىلاتتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ ئاخباراتى گېزىتتە ئېلان قىلىندى. بۇ چاغدا ئۇ دەرھال تۇتۇش قىلىپ، ئاخباراتنى كېچىلەپ ئوقۇپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلدى. ئاخباراتتا ئىقتىسادنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش، شۇنىڭدەك يېزا - بازار ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. مىجىت ئېلى ھەممىنى بىلگەندەك بولدى، ئۇنىڭ قەلبى باشقىچىلا يورۇپ كەتتى.

— مەركەز ھەممە ئادەمنى قورساقى توق، كىيىمى پۈتۈن قىلىمىز دەپتۇ! شۇنداق بولارمۇ زادى؟ — دەپ سورىدى بەزىلەر.

— بۇرۇن «سىنىپىي كۆرەش» نى تۇتقا قىلىپ، «تۇتقا تۇتۇلسا ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ» دەپ قارىدۇق. 3 -



www.uyghurkitap.com

ئومۇمي يىغىنىنىڭ روھىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۇتقا» بولىدۇ. شۇنداق بولسا، ئېنىقلا ھەممە ئادەمنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولىدۇ.

3- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى دېھقانلار ئارىسىدا ئۆگىنىش باشلانغاندا، مىجىت ئېلى ھەربىر نۇقتىنى ئۆزىنىڭ زاغرا تىلىدا يېشىپ بەردى. دېھقانلارنىڭ تونۇشى تەدرىجىي ئايدىڭلاشتى. مۇشۇ جەرياندا كەنت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش پارىڭىمۇ پەيدا بولدى، يېزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كەنتتە بىرنەچچە قېتىم ئەزالار يىغىنى ئېچىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشقا بەزىلەر بەكلا قىزىپ كەتتى، مىجىت ئېلىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، كىملەرنىدۇر تىكلەشنى پىلانلىشىپ، كۈندۈزى «خان» بولۇپ تەختتە ئولتۇرسا، كەچتە «جىن» بولۇپ «مازار» غا يۈگۈردى. بىراق، ھەقىقەت ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. دېھقانلار كۆزىنى يەنىلا مىجىت ئېلىغا تىكتى.

1978- يىل 12- ئاينىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئىدى. بوياقچىغىل كەنت كومىتېتىنىڭ ھويلىسى كەنت ئاھالىلىرى بىلەن لىق تولدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن كۈلكە، كۆزىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنى يېلىنجايتتى. قۇياش ئاسمان بوشلۇقىدا ئالتۇندەك پارقىراپ، ھارارەتلىك نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى.

يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىن كەلگەن كادىرلار نۆۋەتتىكى سىياسەت، مەركەزنىڭ لۇشيەن - فاڭجېنلىرى، ۋەزىپىلەر ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتۈشكەندىن كېيىن، بوياقچىغىل كەنتىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆرسىتىشى، يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى بىلەن

مىجىت ئېلىنىڭ كەنت باشلىقى بولغانلىقى جاكارلىندى، كەك ئامما قىزغىن چاۋاك چالدى. مىجىت ئېلى سۆزگە تەكلىپ قىلىنغاندا مۇنداق دېدى:

— يۇرتداشلارنىڭ ماڭا ئىشەنگەنلىكىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت؟! مەن يۇرتداشلارنى بېيىش يولىغا يېتەكلەشتە، تۇرمۇشنى ياخشىلاشتا باشلامچى بولۇپ، يۇقىرىدا پارتىيە - ھۆكۈمەتكە، تۆۋەندە مېنى ئىزچىل قوللاپ كەلگەن دېھقانلارغا ياخشى جاۋاب قايتۇرىمەن. بۇ ئىشنى ياخشى قىلالمىسام، يۇرت ئوغلى بولۇشتەك ۋىجدانىمغا يۈز كېلەلمەيمەن. رەھبەرلەر خاتىرجەم بولسۇنكى، مەن بوياقچىغىل كەنتىدىكى يۇرتداشلار بىلەن قولنى قولغا تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، كەنتىمىزنى كۆزگە كۆرۈنگەن، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، تەرەققىياتى تېز بولغان باي كەنت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمەن!......

— ياخشى! يارايسىز!......

— بارىكاللا!

بۇ ئىلھامبەخش مىنۇتلار مىجىت ئېلىنىڭ ئىقبال يولىنى، كەنت ئاھالىسىنىڭ بەخت يولىنى ئېچىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

## سەھەردە كەلگەن تىلەمچى

كەنتنىڭ ئىشلىرى دائىم دېگۈدەك ئالدىراش بولاتتى، مىجىت ئېلىنىڭ قىش - يېزى ۋە كېچە - كۈندۈزى يوق ئىدى. شۇڭا، كۆپ چاغلاردا دېگەن قارارلاردا ئۆيىگە قايتالمايتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ ئۆيىگە روھى چۈشكۈن ھالدا كىردى. يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىققان ئايالى ئايتىللاخان بۇنى كۆرۈپ:

— خوشاللۇقىڭىز يوق، قاپاقلىرىڭىز ساڭگىلاپ كېتىپتىغۇ؟— دەپ سورىدى.
— تامىقىڭلا بارمۇ؟ — دېدى مجىت ئېلى ئايالىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ، — «بىر هارغانغا، بىر ئاچقانغا گەپ قىلما» دەپتىكەن. شۇ تاپتا بەك هېرىپ كەتتىم، يىغىن ئېچىپ پىلان تۈزدۇق. قورساق ئېچىپ، نەچچە قېتىم يىنىشىپ كەتتى.
— كاۋا مونىدىكى ئەتكەن......
ئايتىللاخان كورىغا ئۇسۇپ، شور ئوچاق بېشىغا قويۇپ قويغان ئاشنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. مجىت ئېلى ئاشقا قوشۇق سالدى-دە، بىر قوچۇۋەتكەندىن كېيىن كاۋا مونىدىكىنى يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قولىدا قوشۇق، ئاغزىدا ئاش بولسىمۇ، نېمىنىدۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.
— مەھەللىدىكىلەر خۇشامەت قىلىپ دەمدۇ ياكى راست دەمدۇ، مەن يىغىنغا بارمىغاندىن كېيىن ئۇقمىدىم، مجىت ئېلى قالتىس گەپ قىلدى، ئۇ خۇددى مەركەزگە بارغاندەكلا، مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندەكلا، دېھقانلارنىڭ يۈرىكىدىكىنى دېدى. كوپېراتسىيە چۇۋۇلۇپ، داش قازان چېقىلىپ، قابىلىيىتىگە يارىسا ئىشلەش، ئىشلىگەنگە قاراپ هەق ئېلىش ئىشقا ئاشىدىكەن، كەنت باي بولىدىكەن، كۆزىمىز ئاشقا تويىدىكەن، قولىمىز پۇل كۆرىدىكەن دېيىشىۋاتىدۇ. پو ئاتقان هېساب ئەمەس، پونى ئېتىپ قويۇپ، ئەمدى سىڭدۈرەلمەيدىغان ئىش چىقمىغاندۇ؟ — دېدى ئايتىللاخان كوچىلاپ.
— ياخشى نىيەت يېرىم دۆلەت دەپتىكەن. دېھقانلىرىمىزنىڭ قەلبى ئۈمىدكە تولسىلا، بىلىكى كۈچكە

تولدۇ. ئۇلارنى باي قىلىش، يېزا ،كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئىقتىسادنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ھازىرقى سىياسەتنىڭ تۈپ تەلىپى. مۇشۇ ئىشنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىزدەكلەرنىڭ يۈكى بەك ئېغىر، دېھقانلىرىمىزنىڭ سەۋىيەسى بەك تۆۋەن، ئىدىيەسى بەك قالاق، ھازىرقى ۋەزىيەتكە يېتىشىش قەدىمى بەك ئاستا. يەنە نۇرغۇن ئادەملەر كونا پەدە بويىچە ئىش قىلىشقا ئۈرۈنىدۇ، سۆرەلمىلىك قىلىدىغانلارمۇ كۆپ. بەزىلەر ۋەزىيەتكە ماسلىشىمەن دەپ ئالدىراپ، چاتاق چىقىرىدۇ، بىرگە ئاۋارىچىلىك سالىدۇ. كەنت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە قىيىنچىلىق بەك كۆپ، سەزگۈر ئىشلار يەنىلا بىرگە ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. قىزىققانلىق قىلىپ خىزمەتتە كەتكۈزۈپ قويساق بولمايدۇ، خاتالىق كۆرۈلسە، تۈزىتىمەن دەپ بولغۇچە ئىشتىن چاتاق چىقسا، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئاسان ئەمەس. شۇڭا، كەنت خىزمىتىدە ۋەزىيەتكە بېقىش بىلەن بىرگە، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ. دېھقانلار ئۇچۇن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت كەلدى، كەنت كادىرلىرى بۇ پۇرسەتنى دېھقانلارغا ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ياخشى قوبۇل قىلدۇرۇپ، باشلامچى بولۇپ يول كۆرسىتىپ بەرمىسەك، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەيدۇ، شۇڭا ئويلىنىپ «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەندەك، ئالدىن پىلان تۈزۈپ ئىش قىلمىساق ئىشتىن چاتاق چىقىدۇ. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم، مۇشۇ پۇرسەتتە ئالدىدا مېڭىپ ئۈلگە تىكلەش. بۇنىڭ ئۇچۇن زادى قانداق قىلغىنىمىز تۈزۈك؟

— ماۋۇ ئادەمنى؟ بۇنچىۋالا ئويلاپ ئاغرىپ قالماڭ، باشقىلارمۇ ئويلىسۇن- ھە؟ تامىقىڭىزنى يەپ، ئارامخۇدا

ئـوخلاڭ، ئۆيـدىمۇ كەنتنىـڭ ئىـشىنى ئويلىمىـسىڭىزمۇ بـولار، دېھقان خەقنىڭ بۇنداق ئويلىشىڭىز بىلەن نېمە كارى ؟

— بىزنى دېھقـانلار ئۈچـۈن ئويلايـدۇ دەپ رەھـبەر قىلىـپ سايلىدى، كـۈن ئۆتكۈزسـەك بولمايـدۇ. ئەمەلىـي ئىـش قىلىـپ، پارتىيەنىـڭ، دېھقانلارنىـڭ ئۈمىـدىنى ئاقلىمىـساق بولمايـدۇ. خوتۇن، كەنتىمىز بەك نامرات، شارائىتىمىز بەك ناچـار، يەردىـن باشقا پايدىلانغۇدەك ھېچ نەرسىمىز يـوق. ئەمـدىكى گەپ مۇشـۇ ھــالەتنى قانـــداق قىلىـــپ ئـــۆزگەرتىش. مەن كەنتىمىـــزدە بوياقچىلىقنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قوشۇچە كىـرىم قىلىـش يـولىنى ئاچـساقمىكىن دەيـمەن، بىـراق بۇنىڭغـا بىـر قىـسىم كىـشىلەر قوشـۇلمايۋاتىدۇ. دېمىـسىمۇ ئـۇ ئىـش ئـۇزاقتىن بۇيـان تاشـلىنىپ قالـدى، بىـراق ئۇنىڭغـا ئاساسـىمىز بـار، چۈنكـى ئـۇ بىزنىڭ يەرلىك ئەۋزەللىكىمىز. مەيلى نېمىلا دېمەيلـى، ئەمـدى بىز نەپ بەرمەيدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك.

— مەيلــى ئەمــسە، نــېمە قىلىــسىڭىز قىلمامــسىز؟ كىــر-قاتلىرىڭىزنى يۇيۇپ، ئاش - تامىقىڭىزنى ئېتىپ بەرسەم بولىدۇ مەن!

مىجىت ئېلى تاماقنى يەپ بولۇپ ياتقان بولسىمۇ، چوڭقۇر ئويلىنىــپ تــۇرۇۋېرەك ئوخلىيالمىــدى، ئــۇ ئۇيــاقتىن بۇياققــا ئۆرۈلەتتى. ئۇ تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالـدى. خـورازلار چىللاشـقا، ئېـشەكلەر ھاڭراشـقا، تورغـايلار چۇچۇلاشـقا باشـلىدى. مىجىـت ئېلـى شـېرىن ئۇيقـۇدا ئىـدى. بىـر چاغـدا ئۇنىـڭ قۇلىقىغـا يەر تېگىدىن كەلگەن بىر ئاۋاز كىردى. ئاۋاز يەر تېگىـدىن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— ھەق، شــەيدىئاللا نەخــشۇەن پىـــرىم، غېرىبىنىــڭ قەدىمى يەتتى، بالانىڭ قەدىمى يەتمىسۇن! ھەق!......

مىجىت ئېلى كۆزىنى تەستە ئاچتى. تاڭ ئېتىپ، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن سەھەردىكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقتى، ئايتىللاخېنىم يوق ئىدى، ئۇ كات ئۈستىگە يۆگەپ قويۇلغان تەگنىدىن بىر ناننى ئالدى ـ دە، ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

ئىشىك ئالدىدا ياش جەھەتتە ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك، بېشىغا كونىراپ كەتكەن سالۋاي تۇماق، ئۇچىسىغا نەچچە يېرىدىن يىرتىلىپ، مازلىرى كۆرۈنۈپ قالغان، ئەسلىي رەختىنىڭ قارا ياكى كۆك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان، توگرىدىن يەڭ ـ پەشلىرى ساتىراشنىڭ كاپىلغۇچىدەك بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن چاپان كىيگەن، بېلىنى شوينا بىلەن باغلىۋالغان، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ چىگىشلىشىپ كەتكەن بىر دىۋانە يوغان خۇرجۇننى يۈدۈۋالغان پېتى سەدىقە تاما قىلىپ تۇراتتى. مىجىت ئېلى ئۇنى كۆرۈپلا تونۇۋالدى. ئۇ قوشنا كەنتتىكى مەخەت ئىسىملىك كىشى ئىدى.

مەخەت ئۇنى كۆرۈپلا ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. ئۇلار بۇنىڭدىن 30 يىل بۇرۇن يۇرت كاتتىسى قارىي داموللاھاجىنىڭ ئۆيىدە بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ دىنىي ساۋاق ئالغان. مۇنداقچە قىلغاندا، ئۇلار ساۋاقداشلاردىن ئىدى. ئەينى چاغلاردا ئۇلار خېلى ياخشى ئوقۇغان، كېيىن ئۇلار قارىيخانىلارنىڭ تاقىلىشى، يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ساۋاق ئېلىشتىن توختاپ قالغان. مىجىت ئېلى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇدى، ئىراق مەخەت ئوقۇماي دېھقان بولدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى قىيىنچىلىق، ئېغىر ئەمگەك، ئاچارچىلىق مەخەتنى «هەق شەيدىئاللا» يولىغا باشلاپ كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «يۇزىنىڭ قېلىنلىقى»نى دەسمايە

قىلسىلا بولىدىغان تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغانىدى.
— ۋاي، مەخەتمۇ سەن؟ ئۆيگە كىر؟
ياق بولدى، مەن كېتەي، باشقا جايلارغا بارىمەن تېخى! — دېدى مەخەت ئارقىسىغا يېنىپ.
— ھەي، توختا، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.
—ھە ـ ھە؟!
— ھازىر ئەھۋالىڭ قانداق؟ تېنىڭ سالامەتمۇ؟ — دېدى مىجىت ئېلى ئۇنى توسۇپ توختىتىپ.
— يامان ئەمەس،كەنت باشلىقى بولدى دەپ ئاڭلىدىم، ئەملىڭ ئۆسۈپتۇ. مەنمۇ ئوقۇغان بولسام، مۇشۇنداق جان قىيناپ يۈرمەس ئىدىم، ھېچبولمىسا، سېنىڭ سايەڭدە كويجى ـ كاسسىرلىق بولىسىمۇ قىلاتتىم، ئوقۇمىغانىنىڭ دەردىنى مەندەك تارتقان ئادەم دۇنيادا يوق، لېكىن ھازىر سېنىڭدىن پاناھلىق تىلەشكە ئاساسىم يوق. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ھۈنىرىم بىلەن ئۆتەي. تەلەي دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن.
— ئۇنداق كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئەمدى ياخشى كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ. سەنمۇ بىر جېنىڭنى دەپ تىلەپ يۈرمەيدىغان بولىسەن. سەنمۇ دۆت ئەمەس، ئەمدى ھەممىنى قويۇپ، يەر تېرى.
— تووۋا دېگىنە؟! مېنى يەنە شۇ دوزاخقا تاشلاي دەمسەن؟ باشقا گېپىڭ بولمىسا خوش.
— ھەي، توختا دەيمەن، ئەمدى ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق بولىدىغان كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن يەر دېھقانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا يەر دېسەڭ، خەق ساڭا يەر بەرمەيدۇ، يەنە تالادا قالىسەن، بىر ئۆمۈر تىلەپ يەپ ئۆتەمسەن؟ جېنىڭغا ۋاي ئەمەسمۇ؟

— ۋاي قويه، يەنىلا مۇشۇ كۈنۈم ياخشى، سەن بىلىسەن، مەن تازا ئىشلىگەن، بەك ئىشلىگەن، كېچە-كۈندۈز ئىشلىگەن. ئىشىنىڭ كۆپ، ئېغىرلىقىدىن ئېتىزدا يېتىپ-قوپۇپ ئىشلىگەن. لېكىن، قورسىقىم تويمىغان، ئۇچام ئىسسىغۇدەك كىيىم ئۇچامغا چىقمىغان. ئەمدى ئىشلىسەم شۇنداق ئىشلەرمەن، ئېتىزدا ئىشلەپ كىم باي بوپتۇ. ئەمدى بولار. سەنمۇ ئىشلەپ بۇ ئېتىزنىڭ ئىشىنى تۈگىتەلمەيسەن، دېھقان خەقنى باي قىلالمايسەن، تەلىيىڭ كەلسە بىر گەپ؟!

مەخەت تىلەمچى مجىت ئېلىنىڭ قولىدىكى ناننى كاپ قىلىپ ئالدى - دە، خۇرجۇنىغا سېلىپ، «خۇدا ئامان قىلسۇن» دەپلا كېتىپ قالدى. مجىت ئېلى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ قالدى. ئۇنىڭ بەزى گەپلىرى مجىت ئېلىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

مجىت ئېلىنىڭ بەستلىك بەدىنى مۇجۇلغاندەك بولدى. ئۇ يىراقلاپ كەتكەن مەخەتتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ كەتكەن تېرىلغۇ ئېتىزلىرىغا قارىدى. بىرسى ئېگىز، بىرسى پەس ئېتىزلار، قىر - قاتلىرىدا يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن جىغان، يۇلغۇن، خوجا، يانتاقلار جىلمىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا يەنە كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى نەچچە كۈندىن بۇيان چىققان بوران كۆمۈۋەتكەن كۆزگى بۇغداي مايسىلىرى، يول بويلىرى، ئېتىز ئوتتۇرىلىرىغا سېلىنغان، چوقچىيىپ تۇرغان خام خىشلىق ئۆيلەر، لايدا مونەك قىلىپ قوپۇرۇلغان قورۇ تاملار ئەكس ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئاشۇ ئۆيلەردىكى يىل بويى جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە تىركىشىپ يۈرگەن توپا چىراي دېھقانلار، ياۋاش - مۆمىنلەر كۆرۈندى.

مانا مۇشۇ يۇرتقا مىجىت ئېلىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، مۇشۇ تۇپراقتا يۈرىكى سوقۇشقا باشلىغان، ۋۇجۇدى كۈچ ۋە مادارغا تولغان، ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى يەنە مۇشۇ يۇرت كۆمۈپ قويغان. ئۇنىڭ شۇنچىلىك پەرۋاز قىلغۇسى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرگۈسى بار ئىدى. بىراق، ئۇنىڭدا ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئىدى. بۇ دەرمان ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەرت - شارائىت، پۇرسەتنىڭ يار بەرمەسلىكى بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەچكە، ئۆزى ئويلىغان ئىشلار ئۈچۈن شۇڭغۇپ چىقالمىغانىدى. ئۇ بۈگۈن يۇرتىنى قايتا كۆرۈۋاتقاندەك بولدى: بىرىنچىدىن، سۈيى قىس، ئىككىنچىدىن، قۇم- بوران ئاپىتى ئېغىر بولىدىغان، ئۈچىنچىدىن، تۇپرىقى ئۈنۈمسىز، دېھقانلىرى ئىنتايىن كەمبەغەل بۇ يۇرتنى ئوڭلاش، گۈللەندۈرۈش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىشى، ئەجىر قىلىشى، تەدبىر تۈزۈشى زۆرۈر ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا دېھقانلارنىڭ ئاساسلىق كەسىپ ئىگىلىكى بولغان دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى ئىشقا سالغىلى بولىدىغان تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى زۆرۈر ئىدى. بۇ ئىشتا ئۇ يەنە ئۆستەڭ چېپىپ سۇغىرىشنى راۋانلاشتۇرۇشى، سۇ مەنبەسىنى ئېچىشى، ئورمان ئەھيا قىلىپ، بوران بىلەن قۇمنى توسۇشى، زەيكەش چېپىپ شورنى تىزگىنلىشى، تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى سالالاشتۇرۇپ،ئۈنۈمسىز يەرلەرنى ياخشىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، كەنت يوللىرىنى ياساپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان قوشۇمچە كەسىپلەرنى،

يەنى باقمىچىلىق، بورداقچىلىق قاتارلىقلارنى يولغا قويۇشى كېرەك. بۇ ئىشلارنى قىلىشقا ناھايىتى نۇرغۇن پۇل كېتەتتى. پۇل قەيەردە؟ كىم پۇل بېرىدۇ؟ كەنتنىڭ قاتمۇقات قەرزى تۇرسا......

مىجىت ئېلى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى.

— ھەي ئادەم، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىز؟ قوم باسقان ئېتىزدىكى قۇمنى ساناۋاتامسىز - يا؟ — دېدى مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى كۆلدىن سۇ ئېلىپ كەلگەن ئايالى، — ئۇخلىماي، ئېتىزلىقنى چۆشەپ ئويغىنىپ كېتىپسىز - دە؟.

— ھە، بولە - بولە، گەپنى ئاز قىلىپ، چاي راسلىغىنا؟ كەنتكە بارمىسام بولمايدۇ.

مىجىت ئېلى ئايالىنىڭ مۈرىسىدىكى سۇ تولدۇرۇلغان قاپاقنى بېغىدىن تۇتۇپ ئالدى - دە، كۆتۈرگەنچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

## سۈنئىي بېشى لاي بولمىسۇن

مىجىت ئېلى ئۇدۇل كەنتكە باردى، ياچېيكا سېكرېتارى مۇھەممەت مەمەتمۇ كېلىپ بولغانىدى. سالام - سەھەتتىن كېيىن، ئۇلار ئەسلىدىكى ئىش ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتى.

— بىر قىسىم مەھەللىلەرنىڭ ئاق يەرلىرى تېخىچە ئاغدۇرۇلماي تۇرىدۇ، بەزى مەھەللىلەر ئات - كالىلارنى ساپانغا قوشۇپ ئاغدۇرۇپ خېلى بىر قىسىم يەرلىرىنى ئاختاملاپ بوپتۇ. بەزىلەر تېخىچىلا يېزىدىن تىراكتور كەلسە، بىراقلا ئاغدۇرساق دەپ تەلەي سىناپ ئولتۇرۇپتۇ، — دېدى مىجىت ئېلى ئىچى تىت - تىت بولغاندەك، — بەزى ئەترەتلەرنىڭ ئەترەت

باشلىقلىرى قاملاشمىغىلى تۇردى، ھەيدەپ تۇرمىسا ئۇخلىۋالغان.

— ۋەزىيەت ياخشى، سىياسەت ئوبدان دەپ قاراپ تۇرساق بولمايدۇ، قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىركىم كېلىپ قىلىپ بەرمەيدۇ، يەنە ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىز قىلىشىمىز كېرەك. ئوڭدا ياتقان بىلەن كانايىنى ئۇلىغىغا ئېسىپ قويغىلى بولمايدۇ، يەنە قورساق ئاچىدۇ، — دېدى مۇھەممەت تەكىتلەپ، — كېلەر يىلى مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن كۈزدە ئىشلىمىسەك بولمايدۇ، بەزى يەرلەرگە قىغ، چىرىندى تۆكۈپ، توڭ ياتقۇزمىساق كېلەر يىلى ھوسۇل بەرمەيدۇ. بەزى يەرلەرگە دۆڭ توپىسى تۆكۈپ، زەيىنى قاچۇرۇپ، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرمىساق بولمايدۇ.

— مەنمۇ شۇ ئىشنى دېمەكچى، مېنىڭ بۇ جەھەتتە تەكشۈرگىنىم بويىچە ئويلىغان بىرنەچچە پىلانىم بار. سىز قوشۇلامسىز - يوق، ئاڭلاپ باقسىڭىز.

مىجىت ئېلى كۈز پەسلى ۋە قىش پەسلىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى، بولۇپمۇ ئاق يەرلەرنى ئاغدۇرۇش، توڭ ياتقۇزۇش ۋە قىغ، توپا تۆكۈش ھەققىدە ئويلىغان ۋە پىلانلىغانلىرىنى بىر- بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

— ئوبدان ئويلاپسىز، شۇ بويىچە مەھەللىلەرگە ئۇقتۇرۇپ، دېھقانلارنى قوزغاپ، كېلەر يىلى تېرىلىدىغان يەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئوغۇتلاش، ئاغدۇرۇش، توپا تۆكۈش دولقۇنى قوزغايلى.

— مېنىڭ ئەنسىرەيدىغان ئىشىم سۇ مەسىلىسى، — دېدى مىجىت ئېلى غەم ئارىلاش، — ھازىر قىشلىق سۇ تېخى كەلمىدى، دەريادىكى سۇمۇ بەك ئاز ئىكەن، نورمىلىق سۇنىمۇ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق ئىكەن.

— ئېتىزنىڭ بىز قىلالايدىغان ئىشلىرىنى قىلىپ تەييار قىلساق، قىشتا كەلمىسە، ئەتىيازدە سۇ كېلىپ قالار، سۇنى ساقلاپ تۇرساق بولمايدۇ. سۇنىڭ كەينىگىمۇ كىرەيلى.

ئەتىسىدىن باشلاپ ھەرقايسى مەھەللىلەر ئەزالىرىنى يىغىپ، يەر ئاغدۇرۇش، توپا تۆكۈش، قىر - قات ئېتىش، دۆش ئېلىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى.

مۇھەممەت مەمەت بىلەن مىجىت ئېلى مەھەللىمۇمەھەللە بىرىپ، دېھقانلارنىڭ ئېتىز بېشىدىكى ئىشلىرىنى كۆردى، تەكشۈردى، قانداق قىلىش توغرىسىدا پىكىر بەردى ۋە ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلدى.

مىجىت ئېلى ماسلىشىشقا ماھىر ئادەم ئىدى، شۇڭا ئۇ مۇھەممەت مەمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، يەنە تۆۋەندىكى كۆپ سانلىق مەھەللە كادىرلىرى، دېھقانلارنىڭمۇ قوللىشىغا سازاۋەر ئىدى. بۇ ئىككى ئادەمنىڭ پىكىرىنىڭ بىر يەردىن چىقىشى كەنتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. كىشىلەر: «ئىككى رەھبەرنىڭ تىلى بىر بولغاچقا، سۇنىڭ بېشى لاي بولماي، ئىش ئاقتى» دېيىشتى. بۇ ھەقتە گەپ بولغاندا، ئۇن يىل ئېلىپ بېرىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلەتتى، شۇ يىللاردىكى سولچىللىق سۇنىڭ بېشىنىمۇ، ئايىغىنىمۇ لاي قىلىپ قويدى. بۇ لاي يەنە شۇ بىچارە دېھقانلارنى باستى. ئۇ خەلق ئەمگىكىنى چېكىندۈردى ۋە ئۇزاق ۋاقىت ۋەيران قىلدى. ھەر يىلى كەنت تۈپلىگەن كوللېكتىپ جۇغلانما نامرات دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا زادىلا يەتمىدى. پىلانلىق ئەمگىكىنىڭ بېسىمى ئاستىدىكى تەكرار ۋە ئۈنۈمسىز ئىشلەپچىقىرىش يەرنىمۇ، ئادەملەرنىمۇ زېرىكتۈرۈۋەتتى. كۆپ سانلىق ياشلار ئەمگەك قىلىش ئەمەس، شوئار توۋلاش،

ئۇنىڭ - بۇنىڭغا قارا چاپلاش، قالپاق كىيدۈرۈش بىلەن بولۇپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ جان بېقىش، تىرىكچىلىك قىلىش يولى بولۇپ قالدى...... ئايغى ئۆزلۈلمەيدىغان پىيەن قىلىش، كۆرەش قىلىش، ئەيىبلەش يىغىنلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم پۇرسەتلىرىنى كەتكۈزۈپ قوياتتى. ئۇ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەپ،ئەسلىدىكى جۇغلانمىنى زور ھەجىمدە خورىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كەنتنىڭ قەرزىمۇ يىلدىن - يىلغا ئاۋۇپ باردى.

— كەنت كوللېكتىپىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بەك زۆرۈردەك قىلىدۇ، — دېدى مۇھەممەت مەمەت ئېتىزدىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا، — كەنتىمىزدە بىرەر تىراكتور بولسا، بىر نەچچە كۈندىلا ھەممە يەرلىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ بولالايتتۇق، تىراكتور پونكىتىدىكىلەرگىمۇ يالۋۇرۇپ يۈرمەيتتۇق. 30— 40 مىڭ يۈەن پۇل بولسا، تىراكتور سېتىۋېلىشقا تىرىشىپ قويساق، ئۇزاققا قالماي تىراكتور كېلەتتى. تېرىش، ئورۇق سېلىش بىراقلا ئاسانلىشاتتى. تىراكتوردىن بىرسىلا بولسا، ھەممە ئات - ئۇلاغنى ساپانغا قوشۇپ يۈرمەيتتۇق......

— ئۇمۇ بولۇپ قالار، مەركەزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسەتلىرى دېھقانلارغا بەك پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ، —دېدى مىجىت ئېلى ئويلانغان ھالدا، — يول ماڭساق ئېچىلىدۇ. مېنىڭچە، ئەمدىكى گەپ بىزدە قالدى، بىزنىڭ تەدبىرىمىز ياخشى بولسا، نەتىجىمىز ياخشى بولىدۇ. ئۇ چاغدا پۇلمۇ، يولمۇ تېپىلىدۇ. سىز دېگەندەك، بىز كېلەر يىلى چوقۇم تىراكتوردىن بىرنى ئالمىساق بولمايدۇ، ئۇ بىزنىڭ تىرىقچىلىق ئىشلىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپلا قالماي، سالا ئېتىز بەرپا قىلىش، بىنەم يەر ئېچىپ تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئىشلىرىمىزدىمۇ ناھايىتى

مۇھىم رول ئوينايدۇ. قانداقلا بولسۇن، كەنتىمىزنى، دېھقانلارنى باي قىلىدىغان يولدا ماڭمساق بولمايدۇ.
— بۇ جەھەتتە مېنىڭچە سۇنىڭ بېشى لاي ئەمەس، كەنت ئىقتىسادىنى ياخشىلاشتا قانداق ئىشنى قىلىسىڭىز، بىرىنچى بولۇپ مەن سىزنى قوللايمەن، — دېدى مۇھەممەت مەمەت ئىلھاملىنىپ، — كەنتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقى سىزنىڭ قولىڭىزدا، دادىل ئىشلىسىڭىز بولىدۇ.
— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز، سىزلا قوللاپ بەرسىڭىز، مەندە چاتاق يوق.

## ئېتىز - قىرلاردىكى سۆھبەت

مىجىت ئېلى كەنت باشلىقى بولغاندىن كېيىن، كەنت كادىرلىرى ئارىسىدىمۇ، دېھقانلار ئارىسىدىمۇ يىغىن ئېچىپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئوي - خىيالى يىغىن ئېچىپ نېمىلەرنى دېيىش ياكى باشقىلار قىلغاننى بۇزۇش ئۈستىدە ئەمەس، قانداق قىلغاندا كەنت خەلقى ئۈچۈن ياخشى، ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىپ بېرىش ئۈستىدە بولدى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ چىپىنى ئېچەتتى - دە، ئۆزى بېرىشنى پىلان قىلغان مەھەللىگە، ئېتىز بېشىغا باراتتى. ئۇ يەردىكى گەپ - سۆزنى تۇڭشۇپ، ئېتىز - قىرلارنى بىرمۇبىر ئايلىناتتى. يانۋارنىڭ ئاچچىق سوغۇقى يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئۆيمۇئۆي كىرىپ دېھقانلارنىڭ قىشلىق تۇرمۇشىنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردى، تەكشۈردى. ئوتۇن - كۆمۈرى يوق ئائىلىلەرگە، ئاشلىقى يېتىشمەي، كۈندە بىر - ئىككى ۋاق تاماق يەپ كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئائىلىلەرگە ھېسداشلىق قىلاتتى، قانداق قىلىش

ھەققىدە مەسلىھەت بىرەتتى ياكى دەمال ياردەم قىلىشنىڭ تەدبىرىنى قىلىپ بىرەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ قالاتتى.

كەنتنىڭ ئەڭ قىس نەرسىسى سۇ ئىدى. قىشتا دېھقانلار كۆل - كۆلچەكلەرگە قاچىلاپ قويۇلغان، تۇرۇپ قالغان سۇلارنى ئىستېمال قىلاتتى. بۇ يىلمۇ مجىت ئېلى تەكشۈرۈش جەريانىدا بەزى مەھەللىلەردە دېھقانلارنىڭ ئىشتىن يانغاندىن كېيىن، كاچكۇل بېشىدا نۆۋەت ساقلاپ سۇ ئېلىۋاتقانلىقىنى، بەزى مەھەللىلەردە كۆللەردىكى سۇ تۈگەپ، مۇز چوقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. يېقىنقى بىرقانچە يىل جەريانىدا ئېرىق - ئۆستەڭلەرچېپىلغان بولسىمۇ، رېمونت قىلىش ئىزچىل ئېلىپ بېرىلمىغانلىقتىن، ئېتىز - ئېرىق ئەسلىھەلىرىمۇ لاياقەتلىك ئەمەس ئىدى. سىنىپى كۆرەشنى تۇتقا قىلىش تەكىتلىنىش داۋامىدا قۇم - بورانىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان مۇداپىئە ئورمانلىرىمۇ پەرۋىشسىز قالدى، ئىشلەتكىلى بولغۇدەك ئورمانلار ئۇ ئىش، بۇ ئىش سەۋەبلىك كېسىلىپ ئازلاپ قالدى. باش تەرەپكە كەلگەن سۇ ئاياغ تەرەپكە بارمايلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى. شۇڭا، زىرائەتكە سۇ تاپسا، باغ - ئورمانغا سۇ يوق بولاتتى.

مجىت ئېلى مۇشۇ ئىشلارنى تەكرار ئويلاندى. نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. ئۇ بىر قېتىم ئۆي ئارىلاپ ھال - ئەھۋال سوراپ بارغاندا، بىر بوۋاي مۇنداق دېدى: «سۇ بولسا يەر كۆكىرىدۇ، ئەمگەك قىلسا ئەل كۆكىرىدۇ» . ئەمگەكنى ئەزالار قىلىدۇ، بۇنىڭغا غەم قىلىش كەتمەيدۇ، بىراق سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەممىدىن مۇھىم. سۇنى ھەل قىلىپ كېتەلىسەڭلار، بوياقچىغىل قۇت

ئاتىدۇ. مانا گەپ مۇشۇ يەردە.»

بىر موماي مۇنداق دېدى:«ئىككى يىلدىن بېرى بېغىمىزغا سۇ كىرمەي، ئالما، ئامۇت، ئۆرۈكلىرىمىز قۇرۇپ قالاي دېدى. بەزىلىرى قۇرۇپ قالدى، دادامدىن تەۋەررۈك قالغان بۇ باغ ۋاقتىسىز قۇرۇپ تۈگەيدىغان بولدى. قۇرۇمىغان بولسا، ھېچبولمىسا، غورا - غۇلۋىسىدىن نېسىۋە تېگەتتى، مەھەللىدىكىلەر بازارغا بېرىپ مېۋە - چېۋە ئېلىپ يۈرمەيتتى. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە بوياقچىغىلمۇ قۇرۇپ، بىز باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىمىز تېخى!»

ھېلىقى بوۋاي يەنە مۇنداق دېدى:«ئول زاماندا ئاۋۇ تەرەپتىكى قۇملۇق ئەسلىدە ‹تەكتى ماكان› ئىكەن، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن قۇرغاقچىلىق، بوران ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئۇ يەرگە بىنا بولغان نۇرغۇن شەھەر قۇم ئاستىدا قالغانىكەن. بىزنىڭ كەنتىمىزدە قۇرغاقچىلىق مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، ئاخىر بۇ يەرمۇ ‹تەكتى ماكان› غا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.»

بۇ گەپلەر مىجىت ئېلىنى قاتتىق بىئارام قىلدى. گەرچە بوۋاي بىلەن موماي كۆڭلى تۈزلۈك قىلىپ شۇنداق دەۋاتسىمۇ، ئۇلارنىڭ پىكرىدىكى چوڭقۇر مەنتىقە ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش، مەجبۇرىيەت بولۇپ ئېيتىلىۋاتاتتى. مىجىت ئېلى سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە توختىماي ئويلاندى:«ئادەم قاندىن ئايرىلسا ئۆلىدۇ، زىرائەت سۇدىن ئايرىلسا قۇرۇيدۇ. سۇ بولغاندىلا يەرگە زىرائەت تېرىغىلى، باغ -ئورمان بىنا قىلغىلى بولىدۇ. سۇ بولماي تۇرۇپ بوياقچىغىل ياخشى كۈنگە ئىگە بولالمايدۇ! شۇڭا، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەممىدىن موھىم!»

يانۋاردا قېلىن قار ياغدى. ئۇ سۇدىن، ئەتىيازلىق سۇدىن بېشارەت بەردى، فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا قار ئېرىشكە باشلىدى. دېھقانلار يەرلەرنى كۆككۆلدىكىدەك ئوغۇتلىدى، ئايرىم يەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسىنى ئاغدۇرۇپ قويدى، قار سۈيى ئاز بولسىمۇ، ئاقتاما قىلىپ قويۇلغان يەرلەرگە نەم يەتكۈزدى. ئەتىياز جاھان ئىللىشقا باشلىدى. قايسى بىر ناخشىدا «تۆت زىياندىن يوقلىپ، زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» دېيىلگىنىدەك، باھار ھىدى يىللاردىكىدىن بالدۇر بېيىلىشقا باشلىدى......

## ماگا ئىشىنگلار

ئالدىنقى كۈنى ئېچىلغان كەنت كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا مىجىت ئېلى ئوتتۇرىغا قويغان قىش پەسىللىك سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى خەۋەر ھەش-پەش دېگۈچە پۈتۈن كەنتكە پۇر كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللە دوقمۇشلىرى، ئۆي- ئۆيلەردە غۇلغۇلا پەيدا بولدى. بەزىلەر كوپىراتسىيە بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن، ھەممە ئادەم سەخسىيلىشىپ كېتىدىكەن، ئەتىيازلىققا شۇ ئىش بولسا، سۇ قۇرۇلۇشىنى شۇ چاغدا قىلىمىز دېسە، بەزىلەر ھۆكۈمەت يەنە ئۆتمۈشتىكى پومپىشچىكلارنى پەيدا قىلمايدۇ، كوپىراتسىيە ھەرگىز چۇۋۇلمايدۇ، يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ دېگىنى دېگەن، كەنتتىكى كادىرلانىڭ گېپى گەپ بولىدۇ، خام خىيال قىلىشاق بىكار، دېيىشتى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بوياقچىغىل سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللانمىسا بولمايتتى.

شۇ كۈنى سەھەردە كەنت رادىيو كانىيدىن دەسلەپتە

«شەرق قىزاردى» ناخشىسى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا مىجىت ئېلىنىڭ بارلىق دېھقانلارنى يىغىنغا چاقىرغانلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. دېھقانلار بىرەر سائەتكىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يىغىلىپ بولدى. يىغىن باشلانغاندىن كېيىن، مۇھەممەت مەمەت نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى، مەھەللىلەرنىڭ دەرىجىگە تىزىلىشىنى، ئارتۇقچىلىقلارنى، شۇنداقلا يېتەرسىزلىك دەپ قارىغان ئايرىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مىجىت ئېلى ئالدىنقى كۈنى كەنت كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئەتىياز پەسىللىك سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ھەققىدىكى ۋەزىپە- كۆرسەتكۈچلەرنى، ئەمگەك ۋاقتى ۋە تۈزۈملەرنى بىرمۇبىر ئوقتۇردى.

— مەن ئاڭلىغان خەۋەردە بەزىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ھاشارغا نارازىلىقى بار ئىكەن، — دېدى مىجىت ئېلى دېھقانلارغا قاراپ، — لېكىن بىز بۇ قېتىمقى ھاشار ئارقىلىق سۇ قىيىنچىلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئازايتمىساق بولمايدۇ، بىز ئەڭ تەشنا بولىدىغان نەرسىمۇ، بىزنى ئەڭ تەشنا قىلىدىغان نەرسىمۇ سۇ! سۇ بولمىسا تېرىقچىلىقنى نېمە بىلەن قىلىمىز، دېھقانچىلىقتىن قانداق مول ھوسۇل ئالىمىز؟ سۇنى يوق دېسەك، يەنە كېلىپ، سۇ كېلىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭنى چاپمىساق، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسا، سۇ نەدىن كېلىدۇ؟ كەلگەن سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىمىز بولمىسا، ئۇ چاغدا سۇ كەلسىمۇ ئۇنىڭدىن يېتەرلىك پايدىلىنالمايمىز. بەزىلەر يەرنى دېھقانلارغا بېرىۋېتىدىكەن، شۇڭا بەزى ئىشلارغا بەك ئۆزىمىزنى ئۇرۇپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ دەپ يۈرۈپتۇ. شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، بىراق يەنىلا بىز باشقا يەرگە كەتمەيمىز، ئوخشاشلا ئىشلەيمىز، ئوخشاشلا سۇغا ئېھتىياجلىق بولىمىز، خۇسۇسىي ئاكتىپچانلىقىمىزنى ئاشۇرىدىغان بۇ سىياسەتنى يەنىلا بىز بىللە يۈرگۈزىمىز. مەيلى قانداق قىلايلى، بىز

www.uyghurkitap.com

ئىشلىمىسەك بولمايدۇ، بىز ئېرىقنى ياخشى چاپساق، يەرلىرىمىزگە ياخشى ئىشلىسەك، ئۇ چاغدا كىمگە بولسۇن مەنپەئەتى تېگىدۇ، بۇ يەردىكى مەنپەئەت ھەممىمىزگە ئورتاق مەنپەئەت. مەن شۇنداق دەيمەنكى، بىزنىڭ بايلىقىمىز يەنىلا يەر، يەر سۇغا، ئەمگەككە موھتاج. بىز ئەمگەك ئارقىلىق ئاشۇ بايلىقتىن بايلىق توپلايمىز، بايلىققا ئىگە بولىمىز، بۇ بايلىقنىڭ ۋاستىسى يەنىلا بىزگە قىممەتلىك بولۇۋاتقان سۇ. سۇنى ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى تېجەيدىغان شارائىت بولۇشى، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان ئىمكانىيەت بولۇشى كېرەك. ئېرىق - ئۆستەڭلىرىمىز راۋان، ياخشى بولسا، سۇدىن پايدىلىنىشىمىز ئۈنۈملۈك بولىدۇ، بىز ئاز سۇنىمۇ راۋان ئاقتۇرۇپ، كۆپ يەرنى سۇغىرىش ئىمكانىيىتىنى يارىتالايمىز. مانا مۇشۇ ۋەجىدىن بىز بۈگۈنكى 15 كۈنلۈك ھاشارنى قوزغىدۇق. مۇشۇ جەرياندا بىرنەچچە يەرگە كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭ ياسىلىدۇ، ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپى راۋانلاشتۇرۇلىدۇ. ئەزالار جاپا تارتىسىلەر، لېكىن بۇنىڭ پايدىسىنى كۆپ تەرەپتىن كۆرىسىلەر. كەنت كومىتېتىغا ئىشىنىڭلار، ماڭا ھەم ئىشىنىڭلار. سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلار يەردە قالمايدۇ. مەن سىلەرنى ھەرگىز يامان يولغا باشلىمايمەن. سىلەرگە زىيان بولىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن......

مىجىت ئېلى كەنتنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش پىلانىنى يېزىلىق پارتكومغا دوكلات قىلغاندا يېزا رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

يېزىدىن مۇشۇنداق بىر باشلامچىنىڭ چىقىپ، كەنتنى گۈللەندۈرىمەن، خەلقنى باي قىلىمەن دېيىشى يېزا رەھبەرلىرى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى. ئۆلگىنىڭ كۈچى چەكسىز.

ياخشى ئۈلگە، ياخشى تىپ بولغاندىلا ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

— پىلان بەك ياخشى تۈزۈلۈپتۇ، بىراق قىلىدىغان ئىشلار ئاز ئەمەسكەن، ئىشنى باشلىساڭلار قىلىپ كېتەلەرسىلەرمۇ؟

— يېزا قوللاپ بەرسە چاتاق چىقمايدۇ، — دېدى مىجىت ئېلى قەتئىي قىلىپ، — بۇ قۇرۇلۇش كەنتىمىزنىڭ مول ھوسۇل ئېلىشتىكى بىر يولى بولۇپ قالىدۇ دېسەممۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنى قىلماي تۇرۇپ كەنتنى گۈللەندۈرگىلى، دېھقانلارنى باي قىلغىلى بولمايدۇ. بىز چوقۇم پىلان بويىچە ئىشنى تولۇق تۈگىتىپ، يېزىنىڭ باش ئاغرىقىنى تۈگىتىشكە تىرىشىمىز.

يېزا رەھبەرلىرى مىجىت ئېلىنىڭ قەتئىيلىكى ۋە ئىرادىسىدىن مەمنۇن بولدى ھەمدە يىغىن چاقىرىپ، مىجىت ئېلىنىڭ گەز دەرياسىدىن خانئېرىق بازىرىغا سۇ كېلىدىغان قىسمىنى چېپىش، چوڭ رېمونت قىلىش، ھاشار سېلىش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ، يېزا بويىچە ھاشار قوزغاپ، بوياقچىغىل كەنتىگە سۇ كېلىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىقى قىسمىنى چېپىش، رېمونت قىلىش، قاش-تۇغانلارنى ياساشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆستەڭدىن پايدىلىنىدىغانلار يالغۇز بوياقچىغىللا بولماستىن، ئۆستەڭ بويىدىكى بىر قىسىم كەنت، مەھەللىلەرمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تېرىقچىلىق قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن خانئېرىق بازىرىدا يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى ئۆستىڭىنى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كەتتى.

قۇرۇلۇش جەريانىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىق يۈز بەردى، بىراق مىجىت ئېلى دېھقانلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلارغا ھەر

تەرەپلىمە مەدەت بەردى، ئۆزىمۇ بىر كىشىلىك چام ئېلىپ، ئۇلارغا ئوخشاش ئىشلىدى، بۇ ئىش باشقا دېھقانلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدىكى، كىمكى ئەستايىدىل ئىشلىسە، شۇنىڭ قەدرى ئۈستۈن بولىدۇ.

كىمنىڭ يۇرت ئىشقىدا كۆيسە يۈرىكى،
تاۋلانسا ئەمگەكتە ئىككى بىلىكى،
بولسا ھەم بىر ياخشى ئارزۇ - تىلىكى،
بولىدۇ شۇندىلا ئەلگە كېرىكى .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يول ئىزدەش، پۇل ئىزدەش

## بىزنىڭ ئىشچان قولىمىز بار

بوياقچىغىللىقلارنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈن يېزىغا، پۈتۈن ناھىيەگە تەسىر كۆرسەتتى، ھەتتا ئۈلگە قىلىپ تىكلىنىپ كۆپ قېتىم تەقدىرلەشكە ئېرىشتى. بوياقچىغىللىقلار بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم مۇشۇنداق ھاشارغا بارغان. ئۇ چاغلاردا پۈتۈن يېزىنىڭ ياكى ناھىيەنىڭ ھاشىرىنى كوللېكتىپ چېپىش يولغا قويۇلغانلىقتىن، ھەممە ئادەمدە بىر خىل باشقىلار ئۈچۈن ئىش قىلىپ بېرىش تۇيغۇسى مەۋجۇت ئىدى. بۇ قېتىم بوياقچىغىللىقلار يەنىلا بۇرۇنقىدەك تۇيغۇدا بولغان بولسىمۇ، كېيىن بۇ ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ناھايىتى كۆچۈنۈپ ئىشلىدى. يەنە كېلىپ نۇرغۇن ئادەم ئۇلار ئۈچۈن ئەمگەك قىلىپ بەردى. بۇنىڭ تەسىرى بەك ياخشى بولدى. 30 نەچچە كىلومېتىر يىراق جايدىن چېپىپ كېلىنگەن ئۆستەڭ بوياقچىغىلغا تۇتىشىپلا توختاپ قالمىدى، مەھەللىدىكى ھەربىر كىچىك ئۆستەڭ، ئېرىقلارغىچە چېپىلىپ، رېمونت قىلىنىپ، بوياقچىغىلنىڭ سۇغىرىش شارائىتىدا يېڭى بىر قىياپەت شەكىللەندى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بىر تارىخىي بۇرۇلۇش مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. داۋرىڭى چوڭ بولغان بۇ ئىشنىڭ

نەتىجىسىمۇ چوڭ بولدى، بۇ چوڭ نەتىجە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممىنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە تارتتى. بىردىنلا مىجىت ئېلىنىڭ نامىمۇ چىقىشقا باشلىدى. يېزا ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ سۈيىنى ئالدى بىلەن بوياقچىغىلىغا بەردى. ئىلگىرىكى يىللاردىكى يەرلەرنى ئوسا قىلىشتا بولسۇن، زىرائەتلەرنى سۇغىرىشتا بولسۇن، ھەممىنىڭ كەينىدە قالىدىغان، گاھى يىللاردا ئايرىم يەرلىرى سۇ يېتىشمەي ئاق قالىدىغان، ئاق قالغان يەرلەرنى خوخا، جىغان بېسىپ ئۈنۈمسىزلىشىپ كېتىدىغان ھالەت مانا ئەمدى ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

بوياقچىغىلىغا سۇ بېرىلگەندە، مىجىت ئېلى باشتىن - ئاخىر سۇنىڭ كەينىدە يۈردى، يەنى دېگىنى بويىچە سۇ كادىرى بولدى. سۇ قايسى مەھەللىگە بارسا، ئۇ شۇ مەھەللىدىكى سۇ تۇتقۇچىلار بىلەن سۇ ياقىلىدى. بوياقچىغىلىنىڭ يەرلىرى بەكمۇ ئېگىز - پەس بولۇپ، سۇغىرىشتىكى قىيىنچىلىق ئېغىر ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇنىڭ ئىسراپ بولۇشى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، چەكلىك سۇنى تېجەپ، كۆپ يەر سۇغىرىش تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزەتتى. بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار ئۇنى يەنە ئويلاندۇردى. بىراق، ئۇ بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، دەماللىققا بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقارمىدى. يەرلەرنى سالالاشتۇرۇشنى يولغا قويسا بۇ ئىش تېزلا ھەل بولۇپ كېتەتتى، بىراق ئۇ بۇنى مۇمكىنچىلىك، كىشىلەرنىڭ رايى، شارائىت قاتارلىق ئامىللارغا باغلاپ، ھېسسىياتىنى، ئويلىغانلىرىنى سىلىشتۇرۇپ توختاپ قالدى.

ئاق يەرلەر كېچىكىپ بولسىمۇ ئوسا قىلىندى، بىر قىسىم

تاشلاندۇق يەرلەرمۇ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، كېۋەز ئېرىشقا نىشانلاپ سۇ قويۇلدى. نۆۋەتتە مىجىت ئېلى ئويلىغان، پىلان قىلغان يەنە بىر ئىش بار ئىدى، بۇنى قىلىش مەزگىلىمۇ ئېرىلا يېتىپ كەلدى. ئالدىراش يۈرگەن مىجىت ئېلى بۇ پۇرسەتنىمۇ كەتكۈزۈپ قويمىدى. يىغىدىن چېپىلغان ئېرىق-ئۆستەڭ قىرلىرىنى تۈزلەش، ئىلگىرى ئېلىنغان يول بويلىرىدىكى ئورمان بەلباغلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۈزلەش، ئوغۇتلاشنى قانات يايدۇردى. ئۇ بۇ يەرلەرگە ئورمان ئەھيا قىلىپ، كۆكەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى ئىدى. بىراق، كەنت مالىيەسىدە قەرز قالدۇقى كۆپ بولۇپ، كۆچەت سېتىۋېلىش مەبلىغىنى ھەل قىلىش ئايغا چىقماقتىن مۈشكۈل ئىش ئىدى. بوياقچىغىل ئۆچۈن ئورمان بەرپا قىلىپ، بورانىنىڭ، قۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەخىرسىز مۇھىم ئىش ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كېلەر يىلىغا كېچىكتۈرۈش كېرەكمۇ؟ مىجىت ئېلىنىڭ ئويىدا بۇنى كەينىگە سۈرۈش زىياننى ئاۋۇتۇش بىلەن ئوخشاش ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇ شۇ چاغدا كەنت يولىنىڭ بويلىرى ، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ئاساس قىلىپ ئىقتىسادىي ئورمان بەرپا قىلىش؛ كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ماتېرىيال ئورمىنىنى ئاساس قىلىپ، قۇم - بورانى توسىدىغان ئورمان ئەھيا قىلىشنى پىلانلىغانىدى. لېكىن، كۆچەتكە لازىملىق پۇل يوق ئىدى. ئۇ يەنە ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا بېرىپ، كۆچەتنى قەرز قىلىپ ئېلىش، كۈزدە قەرزنى قايتۇرۇشنى ئويلىدى.

بىر كۈنى سەھەردە مىجىت ئېلى مۇھەممەت مەمەتنىڭ كەنتكە كېلىشىنى ساقلاپ تۇرماي، ئۆيىگە باردى. ئۇلار ناشتا قىلغاچ پاراڭلاشتى. مۇھەممەت مەمەت:

— ئوبدان ئويلاپسىز، مەن قوشۇلىمەن. سىز يېزىدىن بىر

پارچە تونۇشتۇرۇش ئېلىۋېلىپ، ناھىيەگە كىرىپ كۆچەت تېپىپ چىقىڭ، مەن دېھقانلارنى قوزغاپ، ئورمان سېلىش ئىشىغا تۇتۇش قىلاي، — دېدى.

— مۇبادا بۇ ئىشىمىز سۇغا چىلاشقۇدەك بولسا، كەنت، مەھەللە كادىرلىرى باشلامچى بولۇپ پۇلنىڭ يولىنى قىلىپ،ئامالنىڭ بارىچە بۇ يىل ئەتىيازدىكى كۆچەت سېلىش ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويمايلى......

— بۇ پىلانىڭىزمۇ بولىدىكەن، — دېدى مۇھەممەت مەمەت تەسىتىقلىغاندەك تەلەپپۇزدا، — ئەمدى قىلىمىز دېگەندىن كېيىن، مۇشۇنداق قىلساق، ياخشى قىلساق بولىدۇ.

— شۇنداق، داجەيلىكلەرمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم، ئۆلارنىڭمۇ باشقا ئالاھىدە قورال - سايمىنى يوق، بىر جۈپ قولى بار، بىزنىڭمۇ ئىشچان قولىمىز، ئۆتكۈر مېڭىمىز بار. قىلىمىز دېگەننى چوقۇم قىلالايمىز!

مىجىت ئېلى يېزا قىلىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا ماڭدى. بوياقچىغىلىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ چوقۇم بۇ ئىشتىمۇ قۇرۇق قول قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، قانداقلا قىلىپ بولسۇن، نېسىگە كۆچەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى. مۇھەممەت مەمەت كەنت پارتىيە ياچېيكا ئەزالىرى، مەھەللە باشلىقلىرىنى يىغىپ يىغىن چاقىرىپ، ئورمان سېلىش ئىشىنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ ئىش - مۇ جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى يېزىلىق ئورمان پونكىتىنىڭ تېخنىك خادىملىرىنى بوياقچىغىلغا تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى.

كىشىلەر ئويلىغاندەك، مىجىت ئېلى ناھىيەلىك

ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى قايىل قىلىپ، 500 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق مېۋىلىك، مېۋىسىز كۆچەتنى ھەل قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۇڭ ئېرىپ يەر تېشىلدى. ئۇلار پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كەنت تەۋەسىدىكى تەييار بولغان بارلىق كۆچەت يەرلىرىگە كۆچەت قويۇشقا باشلىدى. بىرنەچچە كۈندىلا بوياقچىغىل كەنتىگە يەنە بىر يېڭى مەنزىرە يۈز ئاچتى، ئەتراپ ھەر خىل كۆچەتلەر بىلەن قاپلاندى. يېزا بۇ كەنتتە كۆچەت تىكىش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، كۆچەت تىكىپ، ئورمان ئەھيا قىلىش دولقۇنىنى يېزا بويىچە كېڭەيتتى. ناھىيەنىڭ مۇشۇ تۈردىكى نەق مەيدان يىغىنىمۇ مۇشۇ يېزا، مۇشۇ كەنتتە ئېچىلدى، مىجىت ئېلىنىڭ تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىلدى. بۇ ئىشلاردىن كىشىلەر مىجىت ئېلىنى قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم بۇ دەيدىغان بولدى.

## يول راۋان، ئىش ئاسان

قاتىلاڭ، جىددىي بولىدىغان ئەتىيازدىكى تېرىقچىلىق يەنىلا يېزا چۈشۈرگەن پىلان بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. ئارقىدىنلا پەرۋىش قىلىش ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇلتۇر كۈزدە سۇ يېتىشمەسلىكتىن تېرىلغان بۇغداي يېرى ئاز بولغاچقا، ئورمىمۇ بىرنەچچە كۈندە ئاخىرلاشتى. ئېگىز ئورنىنىڭ ھەممىسىگە كەنجى قوناق بىلەن يېسىۋىلەك تېرىلدى. ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرى بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى شۇنداق تېز كەلدىكى، ئەتىياز بىلەن ياز تېزلا ئۆتۈپ كەتكەندەك ئىدى. مىجىت ئېلىنىڭ بىر كۈنىمۇ بىكار ئۆتمىدى ياكى جىددىيچىلىكى پەسىيىپ قالمىدى. ئورما ئاخىرلاشقاندىن

كېيىن ئازراق بوش ۋاقىت چىقتى، بۇ چاغدا مىجىت ئېلى يەنە بىر تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— كەنت يوللىرىنى بىر قېتىم تۈزەشتۈرىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالغان، — دېدى مۇھەممەت مەمەت مىجىت ئېلىنىڭ كەنت يوللىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش توغرىسىدىكى پىلانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — ياخشى ئويلاپسىز. ھە دېگەندە بەزى يوللاردا ھارۋا ئەمەس، ئادەممۇ ماڭالمايدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتە كەنت يوللىرىنى كېڭەيتەيلى، كۆچۈرمە-كۆۋرۈكلەرنى پۇختىلىۋالايلى.

كەنت يوللىرىنى ياساش توغرىسىدا كەنتتە يىغىن ئېچىلغاندا قارشى پىكىر چىقمىدى.

— يول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش مۇھىم ئىش. كۆچەت سېلىش نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلغاندا كەلگەن رەھبەرلەرنىڭ ماشىنىلىرى دېگەن يەرگە بارالمىدى. يولنىڭ توپا قۇرۇلۇشىنى ياز بىلەن كۈز ئارىلىقىدىكى ئارىسال ۋاقىتتا قىلىۋالساق، شېغىلىنى قىشتا تۆكسەكمۇ بولىدۇ، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— مېنىڭچە، توپا قۇرۇلۇشىدىن كېيىنلا شېغىلىمۇ ئەكېلىپ ئۈلاپلا قىلىۋېتەيلى.

— يول قۇرۇلۇشىنى قايسى خىل ئۇسۇلدا قىلساق بولار؟ كەنت بويىچە قىلساق بولارمۇ؟

— مېنىڭچە، مەھەللىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچىگە قاراپ، ھەرقايسى مەھەللىلەر ئۆز تەۋەسىدىكى يولنى ئۆزلىرى ياسىسۇن، بالدۇر قىلىپ بولسا ئارام ئالسۇن، قىلىپ بولالمىسا، قىلىپ بولغانغا قەدەر ئىشلىسۇن. بۇنداق قىلساق، ئۈلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئىشنى بالدۇر تۈگەتكىلى بولىدۇ، — دېدى مىجىت ئېلى چۈشەندۈرۈپ، — قىزىل بايراق مۇسابىقىسى

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بېرىپ، ئېلغارلارغا كۆچمە بايراق بېرەيلى، يەنە بىر ئىش، ھەممە مەھەللىلەرگە بىردەك ئۆلچەم تۇرغۇزۇپ، شۇ ئۆلچەمنى ئاساس قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالايلى. بەلەپكە يەتمىسە يۈز خاتىر قىلىشاق بولمايدۇ، ئۆزىمىز ماڭىدىغان يول بولغاندىن كېيىن، ياخشى، پۇختا قىلايلى.

شۇنداق قىلىپ بوياقچىغىل كەنتىدە كەنت يوللىرىنى ياساش ئەمگىكى باشلاندى. تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى، تەكلىماكاندىن ئۆرۈلۈۋاتقان ئوتتەك قىزىق شامال چىدامىلىق، بەردەم، قاتتىق قول دېھقانلارنى ھالسىرىتالمىدى. مىجىت ئېلى بۇ ئەمگەك داۋامىدا قايتا ـ قايتا پىلانلاش، ئۆلچەش، كۆرسىتىپ بېرىش، ئۆلگە تىكلەش بىلەن مەشغۇل بولدى. يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىغا بېرىپ زەنجىرتاپان تىراكتوردىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ، يېڭىدىن ياسىغان يوللارنىڭ يۈزىنى تەكشىلەپ، توپىسىنى چىڭدىدى. بەزى مەھەللىلەردىكى كىچىك يوللار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭىدىن يول ئېلىندى، كۆۋرۈكلەر پۇختىلاندى. بىر ئايدىن ئارتۇقراق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق بوياقچىغىل كەنتىنىڭ يول قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئازادە يول، يول يانلىرىدىكى ئېرىق، ئېرىق بويلىرىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان، ھەممىسى دېگۈدەك كۆكلىگەن ئورمانلار بوياقچىغىلغا يېڭى تۈس بەردى. يېزا رەھبەرلىرى بولسۇن، ناھىيە رەھبەرلىرى بولسۇن، بۇ كەنتنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە تولىمۇ رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى يېزىلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرگىلى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغىلى كەلگەنلەر ئالدى بىلەن بوياقچىغىلغا بارىدىغان بولدى. ئۇلار مىجىت ئېلىدىن كەنتتىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى، نەتىجىسىنى، يەنە

قانداق پىلانلىرىنىڭ بارلىقىنى تەپسىلىي سورىشاتتى. شۇنداق چاغدا مىجەت ئېلى ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىدى. دادىسىدىن 9 يېشىدا، ئانىسىدىن 12 يېشىدا يېتىم قالغان، ئاكىسىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغان، كەم سۆز، تارتىنچاق، ئويلىغانلىرىنى دەماللىققا سىرتىغا چىقارمايدىغان مىجەت ئېلى مانا ئەمدى رەھبەرلەرنىڭ ئالدىدا خىزمىتىدىن ئەتراپلىق دوكلات قىلالايدىغان، تەلەپ-تەكلىپلىرىنى بېرەلەيدىغان ھالغا كەلدى. ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك قىزىپ سۆزلەپ كەتكىنىدىن ھەيرانمۇ قالاتتى. بىراق، قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسى، بوياقچىغىلىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىغىنىدا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

## يول ئىزدەش

بوياقچىغىلىلىقلار «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» ناخشىسىنى ئوقۇپ، خىسلەتلىك، مول نېمەتلىك ئالتۇن كۈزنى كۈتۈۋالدى. ئېتىزلاردىن يېڭى ناخشا ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

بوياقچىغىل قىزىمەن،
ھارماي پاختا تېرىمەن.
ئاق ئالتۇندەك دېڭىزدا،
يەلكەن بولۇپ ئۈزىمەن.

ھەر غوزەكتىن ئالىمەن،
ئاپپاق ماموق پاختىنى.
شاد ناخشامغا قاتىمەن،
كۆلگەن يېزام بەختىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

كەلگىن يارىم تېرەيلى،
ئاق ئالتۇندەك پاختىنى.
كەڭ ئېتىزدا ياڭرىتىپ،
ئېيتايلى تەڭ ناخشىنى......

بۇ يىل سۇ بىرقەدەر يېتەرلىك بولغانلىقتىن، بوياقچىغىلىنىڭ تېرىلغۇ ئېتىزلىرىدىن راستىنلا مول ھوسۇل شادلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەتىيازدىن 9- ئايغىچە تۆجۈپىلەپ ئېلىپ بېرىلغان كېۋەز، قوناق، يېسسىۋېلەك پەرۋىشى مول مېۋىدىن دېرەك بەردى. كېۋەزلەر بالدۇرلا ئېچىلدى، شۇنداقلا باھاسىمۇ يىللاردىكىدىن يۇقىرى بولدى. كەنجى قوناقمۇ شۇنچىلىك ياخشى ئوخشاپ، باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. مەھەللە- مەھەللىدە قىلىنغان قوناق خامانلىرىدا قوناق سويۇش، ئېزىش ئىشلىرى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. بىرقانچە كۈن قوزغالغان دولقۇن بىلەن بۇ ئىشلارمۇ تامام بولدى. بۇ يىل دېھقانلارنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغان ئىش يېسسىۋېلەكنىڭ بەكمۇ ئوخشىغانلىقى بولدى، ھەربىر دېھقانغا بىرنەچچە يۈز كىلوگىرامدىن يېسسىۋېلەك تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ قىشلىق كۆكتات مەسىلىسى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلىندى.

كەنتنىڭ پاختا كىرىمىنىڭ بىر قىسمى ئەتىيازدا سېتىۋالغان كۆچەت قەرزىگە بېرىلدى، قالغان قىسمى بەلگىلىمە بويىچە ئەزالارنىڭ بىر يىلدىن بۇيان ئالغان ئىش نومۇرىغا ئاساسەن دارامەت قىلىپ تارقىتىلدى. ئالدىنقى يىلى كەنتنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 90 يۈەن ئەتراپىدا بولغانىدى، بۇ يىل

160 يۇەندىن ئاشتى. بوياقچىغىل كەنتى يېزا بويىچە ئىلغار كەنت، مىجىت ئىبلى يېزا بويىچە ئىلغار كەنت باشلىقى بولۇپ تەقدىرلەندى.

مانا بۇلار بوياقچىغىلنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىلىق، ئۆزگىرىش، يۈكسىلىش بولۇپ، كىشىلەردە بىر خىل ئويغىنىش، ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈردى. بەزى كىشىلەر بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزاقتىن بۇيان كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر خىل بىكىنمىچىلىك، بۇرۇقتۇرمىلىق، بىچارىلىك ئىچىدە تىرىكچىلىك قىلىشقا كۆنۈپ قالغاچقا، ئۇلار زامان مۇشۇ پېتى كېتىۋېرىدۇ، ئۆزگىرىمەن دېسە يول قويۇلمايدۇ، كىم باش كۆتۈرۈپ چىقىدىكەن، شۇنىڭ بېشىغا چوماق تېگىدۇ، ئۇ ئۆلۈشى ياكى ھەممە ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ ساراڭ بولۇۋېلىشى كېرەك، بولمىسا ئۇنىڭ كۈنى پىيەن، كۈرەش بىلەن ئۆتىدۇ، شۇڭا زامانغا بېقىپ ياشاپ، خەق نېمە بولسا تەڭ كۆرۈش كېرەك، دەپ قارايتتى. نۇرغۇن كىشىلەر يېقىن كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ۋە باشقا ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە ئويلىنىشقىمۇ، سۆز قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق بولغاچقا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بوياقچىغىلدىكى ئۆزگىرىشتىن گۇمانلىناتتى، مىجىت ئىبلىنىڭمۇ ئۇزاققا بارماي تەنقىد بىلەن دۇمبالاشقا ئۇچرايدىغانلىقىنى پەرز قىلىشاتتى. ئەمما، سىياسەتنىڭ چوڭقۇر مەنىسىگە يەتكەن مىجىت ئىبلى ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇ ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ تېخى يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى ۋە نە ـ نەلەردە سۆزلەپ يۈرەتتى. بەزىلەر ئۇنى ئاغزىدىن بالاغا قالىدۇ دېسە، بەزىلەر قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان يەيدۇ، دەيتتى. مىجىت ئىبلى بۇنداق

گەپلەرگە كۆلۈپ قويۇپ جاۋاب بېرەتتى. ئۇ كەنتنىڭ بۇ يىلقى كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن كۆپ بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ دارامىتى ئاز بولۇپ قالدى، بۇنى داۋاملىق كۆپەيتىش كېرەك دەپ قارايتتى. بۇنىڭدىن قىلچىلىك قانائەت ھېس قىلمايتتى. ئۇ بىر يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت بىلەن باشقا جايلاردىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئۆز كەنتىدە دېھقانچىلىق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى.

زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ مىجىت ئېلى بىرنەچچە قېتىم ناھىيە، ۋىلايەتكە بېرىپ تونۇش ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ كەنتىدە نېمە ئىش قىلسا ئۇنۇمى ئەڭ ياخشى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە مەسلىھەت سورىدى. بىراق، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ئۇزاق يىللىق پىلانلىق ئىگىلىك قارىشى بىلەن باغلىنىپ كەتكەچكە يېتەرلىك جاۋاب تاپالمىدى. ئۇلار: «سىزگە نېمە ئاۋارىچىلىك، مەيلى نېمە تېرىڭ، بەرىبىر سىزگە ياكى دېھقانلىرىڭىزغا تەقسىم قىلىپ بېرىلمەيدۇ، بىر- نەرسە چىقمىسا، قايسى دېھقان ئاچ قالدۇ؟ ھۆكۈمەت بار، ئۇلارنى باقىدۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قىل دېگەن ئىشنى قىلسىڭىزلا بولىدىغۇ؟» دېيىشتى. بۇ ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىز، بىمەنە جاۋاب ئىدى. بىراق، ئۇلارنى تىللىغىلى، مەلۇم ئىشنى قىلىپ بەر دەپ قىستىغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا پاختىچىلىقنى چىڭ تۇتۇش تەكلىپى بەرگەنلەرمۇ بولدى. مىجىت ئېلى «ھەممە ئىش ئۆزىمىزگە باغلىق ئىكەن، ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىز قىلىشىمىز، باشقىلارغا يۆلىنىۋالماسلىقىمىز، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش قىلىپ، ياخشى مەقسەتلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز زۆرۈر ئىكەن» دېگەن قاراشقا كەلدى. ئۇ كېيىن تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇۋاپىق

www.uyghurkitap.com

ئازايتىش، كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز كۆلىمى بەرپا قىلىش كېرەك دېگەن ئويغا كەلدى.
مىجىت ئېلى قەشقەر شەھىرىگە كىرىپ، مەلۇم ئىدارىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ماشىنىغا بېسىلغان يېسىۋېلەكنى تالىشىپ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇنى ئىدارە بىر تۇتاش ئېلىپ ئۇلارغا تارقىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ شۇ چاغدا بۇ يىل ئۆز كەنتىدە تاسادىپىيلا ئوخشاپ كەتكەن يېسىۋېلەكلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ سۈرۈشتە قىلىپ، قەشقەر شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىنىڭ ھەر يىلى كۈزدە ماشىنا ئەترىتى تەشكىللەپ، 500 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاقسۇ ۋىلايىتى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ يېسىۋېلەك يۆتكەپ كېلىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەمىنلەيدىغانلىقىنى ئېنىقلىدى - دە، دىلى بىردىنلا يورۇپ كەتتى.
بىر قىسىم يەرگە يېسىۋېلەك تېرىساق پايدىسى كۆپ بولماسمۇ؟ قەشقەر شەھىرى بىلەن يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئارىلىقى ئاران 7—8 كىلومېتىر. بىز يېسىۋېلەك تېرىساق، قەشقەر شەھىرىگە يۆتكەپ كىرىش ئاسان، كۆكتات شىركىتىمۇ نۇرغۇن جەھەتتىكى قولايلىقنى دەپ يېسىۋېلەكنى چوقۇم بىزدىن ئالىدۇ.
مىجىت ئېلىنىڭ ئىچىگە بىر خىل خۇشلۇق كىرىۋالدى. ئۇ راستىنلا گۆھەر تېپىۋالغاندەك ھاياجانلاندى. ئۇ سېكرېتار مۇھەممەت مەمەتكە ئۆزىنىڭ كېلەر يىلى بىر قىسىم يەرنى ئاجرىتىپ يېسىۋېلەك تېرىش ئويىنىڭ بارلىقىنى دېگەندە، سېكرېتار قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەكلا ئىككىلىنىپ قالدى ۋە:
— يېزا ئاشلىق، پاختا مەھسۇلاتىنىڭ كەملەپ

www.uyghurkitap.com

كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تېرىغىلى قويماسىمىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر، ئەمگەك كۈچى بولسىمۇ، تېخنىك يوق، ھەي، بۇ قىلىپ باقمىغان ئىش، بولدى قىلىڭە، ئۆزىمىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشنى قىلايلى، بېشىمىزغا سكە قويماي. يېسىسۋېلەكنى ئاز- راق تېرىپ ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرساق بولار، كۆپ تېرىپ ساتالمىساق، بېسىپ قويساق بۇزۇلىدۇ، ئۇنى ئاش- تاماق ئورنىدا يېگىلى تېخى بولمايدۇ. بەكرەك ئويلىنىپ بېقىڭ!

مىجىت ئېلىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇ ئىشتا زور پايدا يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. نۇرغۇن جايلاردا نۆۋەتتە تېرىقچىلىق بىردىنلا قويۇۋېتىلىپ، تېرىش ئەركىنلىكىگە يول قويۇلۇۋاتاتتى، يېزا ئادەتتە كەنتنىڭ قارارىنى ئالدىراپ بۇزمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ يەنىلا مۇھەممەت مەمەتنىڭ ئىدىيەسىنى ھەل قىلىش زۆرۈر دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا تەكرار چۈشەنچە بەردى.

— مەيلى بولمىسا، مەنمۇ باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقاي، سىزمۇ يەنىلا ئەتراپلىق ئويلىنىپ بېقىڭ. قارىغاندا، بۇ يىل قىش بىلەن ئەتىياز ئارىلىقىدا يەرلەرنى شەخسىيلەرگە بۆلۈپ بەرگۈدەكمىز، ئۇ چاغدا بۇ پىلانىمىز ئىشقا ئاشماي قالارمۇ- قانداق؟ دېھقانلارمۇ بۇ ئىشنى دەمال قارشى ئالمايدۇ، ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلەرسىز؟ — دېدى مۇھەممەت مەمەت ئاخىر ماقۇل كېلىپ.

— سىياسەتنىڭ يۆنىلىشى ئېنىق. ئۇ بولسىمۇ، نامراتلىقنى تۈگىتىپ، كەڭ ئاۋامنى باي قىلىش، تەرەققىي قىلىش، — دېدى مىجىت ئېلى تەكىتلەپ، — ئەمەلىي ئەھۋالىمىزدىن قارىغاندا، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، كېۋەز تېرىش بىلەن كەنتىمىزنى، دېھقانلارنى باي قىلىپ كەتكىلى

بولمايدۇ، شۇڭا بىز مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان قوشۇمچە كەسىپتىن بىرنەچچىنى يولغا قويماسلىق بولمايدۇ......

بىرقانچە كۈندىن كېيىنكى بىر كۈنى سەھەردە مجىت ئېلى نار تۆگىسنى منىپ، يېگىلى نان، ئىچكىلى سۇ ئېلىپ يېزا ئىگىلىك 3- دىۋىزىيەسى41- تۈەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ چاغدا غەرب ئاسمىنىدا چاقناپ تۇرغان چولپان يۇلتۇز ئۇنىڭغا ئاسايىشلىق تىلەۋاتقاندەك شۇ قەدەر نۇرلىنىپ كەتكەنىدى.

## 41- تۈەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا بارغاندا

ئۇنىڭدا قىزغىنلىق بىلەن ئەندىشە، ئىشەنچ بىلەن گۇمان تەڭ مەۋجۇت ئىدى. ئۇ سەككىز سائەت ئىچىدە توختىماي 50 كىلومېتىردەك يول مېڭىپ،كەچ پېشىن بىلەن41- تۈەن دېھقانچىلىق مەيدانىغا يېتىپ باردى.

بۇ يەردىكى سالالاشتۇرۇلغان تۈپتۈز ئېتىزلار، سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن ئېرىق - ئۆستەڭلەر، تۈپتۈز يوللار، رەت - رەت ئورمانلار، يىغىپ ئېتىزغىلا بېسىپ قويۇلغان يېسسۋېلەك، تۇرۇپ، چامغۇر، ئەڭ ئاخىرقى غوزىلىرى ئېچىلغان كېۋەزلەر، رەتلىك سېلىنغان ئۆيلەر مجىت ئېلىنى باشقىچىلا روھلاندۇرۇۋەتتى.

ئۇنىڭ ئۇزاق يول بېسىپ كۆكتات تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ قويىدىغان ئادەم تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن خەنزۇ يولداشلار ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ھەمدە ئۇنى يېقىندىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مجىت ئېلى

www.uyghurkitap.com

دېھقانچىلىق مەيدانى رەھبەرلىرىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى. ئەتىسى دېھقانچىلىق مەيدانى رەھبەرلىرى 11 ـ ليەندىكى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان جاڭ شۆ شياڭنى مىجىت ئېلىغا تونۇشتۇرۇپ قويدى.

جاڭ شۆشياڭ ئوتتۇرا بوي، قارامتۇل كەلگەن كىشى بولۇپ، 41 ـ تۇەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا خېلى نامى بار كۆكتات تېرىش ماھىرى ئىدى. جاڭ شۆشياڭ مىجىت ئېلىدىن كەنتنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى.

— سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا، قېرىنداشلىرىڭىزغا كۆيۈمىڭىز باركەن، — دېدى جاڭ شۆشياڭ مىجىت ئېلى بىلەن كۆرۈشۈپ، — مەن سىزنىڭ تېرىشچانلىقىڭىزغا قايىل. سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن.

— رەھمەت!......

مىجىت ئېلىنىڭ جاڭ شۆشياڭنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىك خەۋىرى كەنتكە پۇر كەتتى:

— مىجىت ئېلى ئالدىراپ قاپتۇ، بۇ يەردە سەي تېرىسا ئۇخشىمايدۇ.

— سەي يېمەيمۇ كۈن ئۆتكۈزگەن بىز. ئەمدى بىزگە ھاشار ئۈچۈن ئىش تېپىلىپتۇ.

— «ئۈنچە ـ مارجان تاش ئىكەن، ئارپا ـ تېرىق ئاش ئىكەن» دېگەن قوشاقنى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇرۇنلا ئوقۇغان. بۇغداي بىلەن قوناقتىن باشقىسى بىكار!

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى. مىجىت ئېلى بوش ئادەم ئەمەس، ئۇ بىزگە زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ......

كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسى مانا مۇشۇنداق ھەر خىل ئىدى.

سېكرېتار مۇھەممەت مەمەت جاڭ شۆشياڭنى ئىشخانىغا

باشلىدى. شۇ چاغدا كەنت ھويلىسىدا ئۈچ ئېغىز ئۆي بار بولۇپ، بىرسى ئامبار، بىرسى مالىيە ئىشخانىسى، بىرسى كونا شىرە بىلەن ئالتە ئۇزۇن ئورۇندۇق قويۇلغان كەنت مەمۇرىيىتى ئىشخانىسى ئىدى. جاڭ شۆشياڭ نامراتلىق مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشخانىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى ھېس قىلدى.

مىجىت ئېلى كەنت كادىرلىرىنى جاڭ شۆشياڭغا تونۇشتۇردى. جاڭ شۆشياڭ ھەربىر ئادەم بىلەن «ياخشىمۇ سىز» دەپ قىزغىن كۆرۈشتى.

تونۇشتۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مىجىت ئېلى 41- تۈەن دېھقانچىلىق مەيدانىدا كۆرگەن يېڭىلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى:

— مېنىڭ يەنە بىر قېتىم كۆزۈم ئېچىلدى، — دېدى مىجىت ئېلى كۆپچىلىككە ئىلھام بېرىپ، — ئۇ يەرگە سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز تېخى كۆپكەن. شۇڭا، بىز ئىشلىمىسەك، يۇرتنى گۈللەندۈرمىسەك، دېھقانلارنى بېيىتمىساق بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا قانداق قىلىپ باي بولىمىز؟ دېھقانلارنى قايسى يولغا باشلاپ باي قىلىمىز؟ بۇ ھەقتە ھەربىر كىشى، ھەربىر كادىر ئويلانمىسا بولمايدۇ، — ئىشخانىنى جىمجىتلىق باستى. مىجىت ئېلى سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن بۇ جەھەتتە كۆپ ئويلاندىم. مەن بۇ يول كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئىكەن دەپ قارايمەن. كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش بىز قىلماقچى بولغان كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ بىرسى. شۇ تاپتا كۆكتات تېرىش ئىشى ھېچكىمنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ. سىلەرمۇ

www.uyghurkitap.com

بىلىسىلەر، بىزدە «سۇغا كىرمەي تۇرۇپ ئۈزۈشنى ئۆگىنىش چوڭقۇرلۇقنى بىلگىلى بولمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، كۆكتات تېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە مېنىڭ ئىككى مو قالدۇرۇق يېرىمدىن باشلايلى، زىيان بولسا ماڭا بولسۇن، كۆكتات تېرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا ئاندىن كېڭەيتىمىز.

بۇ گەپ ئىشخانىدىكى كەيپىياتنى سەل كۆتۈردى. جاڭ شۆشياڭنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە مىجىت ئېلىنىڭ سەمىمىيىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش قىزغىنلىقى يېلىنجىدى. مىجىت ئېلى جاڭ شۆشياڭنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

## سىناق

بوياقچىغىللىقلار قىش كىرىشىنىڭ ئالدىدا بىر بۆلەك يەرلەرنى تەكشىلەپ سالالاشتۇردى، ئاندىن مەھەللىۋى ئوغۇت تۆپلىدى. قىشنىڭ سوغۇقىدا قىشلىق ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئۆز پېتىچە ئېلىپ بېرىلدى. باھار كېلىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىشنىڭ ئالدىدا دېھقانلار يەنە بىر قېتىم ئون نەچچە كۈن جاپالىق ئىشلەپ، ئالدىنقى يىلى سالالاشتۇرغان يەرلەرنىڭ چالا ئەمگىكىنى قىلدى. ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىدىكى تۇتماي قالغان كۆچەتلەرنى تولۇقلىدى. يېڭى ئالغان ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىغا كۆچەت تىكتى. سالالاشتۇرغان يەرلەرگە قىر سوقتى، ئېرىق ئالدى.

مىجىت ئېلى جاڭ شۆشياڭنى ئۆيىگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بىر ئېغىز ئۆينى ئاجرىتىپ ئۇنىڭغا سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەردى، ئاش- تامىقىنى ئايالى ئېتىپ بەردى، ئۇنىڭغا ئۆز

ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن چارە كۆيۈندى. بۇنداق كۆيۈنۈش جاڭ شۆشياڭنىڭ دىلىنى سۆيۈندۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتى. مجىت ئېلى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىككى مو قالدۇرۇق يېرىنى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەن بىر چاغدا، جاڭ شۆشياڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەرنى ئوغۇتلاش، ئوسا قىلىش، ئاغدۇرۇش، تۈزلەش ئىشلىرىنى قىلىپ بەردى. يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ، ئۇرۇق سېلىش پەيتى كەلگەندە، جاڭ شۆشياڭ ئۇ يەرگە يازلىق يېسىۋېلەك تېرىدى. يەرگە ئۇرۇق سالىدىغان كۈنى ھەرقايسى مەھەللىلەردىن بىر قىسىم دېھقانلار كېلىپ تېرىش سىنىقىنى كۆردى. مجىت ئېلى بولسا يېڭىچە ئۇسۇلدا يېسىۋېلەك تېرىشنىڭ ھەربىر ئىش ھالقىسىدىن خاتىرە يېزىپ ماڭدى.

دەل-دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىپ، ھەممە ياقنى يېشىللىق قاپلىغان كۈنلەردە مجىت ئېلىنىڭ ئىككى مو يېرىدىكى يېسىۋېلەكمۇ ئۈنۈپ چىقىپ يوپۇرماق ئايرىدى. مجىت ئېلى ھەر كۈنى سەھەردە جاڭ شۆشياڭ بىلەن بىللە ئېتىزغا باراتتى، يېسىۋېلەكنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرەتتى، ھەربىر مايسىغا قاراپ خۇش بولاتتى، بىراق بۇ خۇشاللىق ئۇزاققا بارمىدى.

بوياقچىغىلىنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق ئىسسىق ئىدى. يازنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ تۆت قۇلاق بولغان يېسىۋېلەك مايسىلىرى سارغىيىشقا باشلىدى. جاڭ شۆشياڭ يېسىۋېلەككە دورا چېچىپ پەرۋىش قىلىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش-يوقىتىشقا جىددىي تۇتۇش قىلدى. كۈتمىگەندە بىر كۈنى كېچىدە چىققان قاتتىق بوران قومۇلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ يېسىۋېلەك مايسىلىرىنى كۆمۈپ، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك

www.uyghurkitap.com

دەرىجىدە مايسىلارنى نابۇت قىلىۋەتتى. بۇ قېتىملىق بوران نەچچە يۈز مو يەردىكى كېۋەز مايسىلىرىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتكەندى.

بوران ئاپىتىدىن كېيىن جاڭ شۆشياڭ :

— قارىغاندا بوياقچىغىلىنىڭ يەرلىرى كۈزلۈك يېسىسۋېلەك قوغۇن - تاۋۇز تېرىشقا تازا ماس كەلگۈدەك. 6-، 7- ئايدا قوغۇن - تاۋۇز، 8- ئايدا كۈزلۈك يېسىسۋېلەك تېرىپ سىناپ باقايلى، — دېدى.

مىڭ تەستە ئۆستۈرگەن ئىككى مو يەردىكى يېسىسۋېلەك بورانىنىڭ زەربىسى بىلەن قۇرۇپ كەتتى، جاڭ شۆشياڭنىڭ 4—5 ئايلىق ئەجرى بىكار كەتكەندى. ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ بۇنداق بولارنى ئويلىمىغانىدى. مىجەت ئېلى ئۇنىڭ ئىچ ئاغرىقىنى بوشىتىش ئۈچۈن، بىر كۈنى ئۇنى كەنتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كەنتكە تۇتاشقان بۆلىكىنى كۆرسىتىشكە باشلاپ باردى. كۆز يەتكۈسىز ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرىنى كۆرگەن جاڭ شۆشياڭ ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدى، ئۇنىڭغا بۇ قۇملۇق بوياقچىغىلىنى يۇتۇۋېتىمەن دەپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان ئەجدىھادەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— بۇ يەردە ئازراقمۇ يېپىنچا ئۆسۈملۈك يوق. بوران چىقسىلا قۇمنى ئۇچۇرۇپ كەتمىسۇن، ئاران - ئاران ئۆستۈرگەن زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. بىز بورانىنى تىزگىنلىيەلمىدۇق. بوران تىزگىنسىز قالغاچقا، قۇمنى ئۇچۇرۇپ تۇپراقلىرىمىزنى كۆمۈپ تاشلاۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، بىرسى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تۈجۈپلەپ تېرىش، تېرىشتا قۇم، بوران، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق زىرائەتلەرنى تېرىش،

مەسىلەن كېۋەزگە ئوخشاش. يەنە بىرسى، كەنتىمىزدە مۇشۇ خىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ھەر خىل زىرائەت، كۆكتات تۈرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، سىناق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش. ئۈچىنچى بىرسى، مۇداپىئە ئورمىنى بەرپا قىلىپ، قۇم، بورانىنىڭ زىيانلىرىنى ئازايتىش، توسۇش كېرەك.

— مانا بۇ تامامەن توغرا. ھازىر بىزنىڭ تۆەندە قۇملۇق چىلىنى دەيدىغان بىر خىل مېۋىلىك چىلان سىناق قىلىپ ئۆستۈرۈلۈۋاتىدۇ. ئۇنى بۇ يەردە سىناپ باقايلى، كېلەر يىلى ئەتىيازدا مەن سىزگە يېرىم مو يەرگە يەتكۈدەك كۆچەت بېرەي. شۇنى سىلىپ بېقىڭ. كېيىن قەلەمچە قىلىپ كېڭەيتىسىڭىز بولىدۇ. قەلەمچە كۆچەتلەر چوڭ بولغاندا مۇشۇ قۇملۇقنىڭ ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى بويلاپ سالسىڭىز، ھەم بوران تىزگىنلىنىدۇ، ھەم مەلۇم نىسبەتتە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايسىز، — دېدى جاڭ شۆشياڭ مەسلىھەت تەرىقىسىدە.

— بۇ ئوبدان گەپ بولدى، — دېدى مىجىت ئېلى ھاياجانلىنىپ، - قاراڭ ئاۋۇ جىگدە كۆچەتلىرىنى، بىز ئۇنى بۆلتۈر سالغانىدۇق. تۇپراق زەي، سۇ كەمچىل بولغاچقا، بۇ كۆچەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇپ چاۋار- چاتقال بولۇپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، جىگدە ھەر قانداق يەردە كۆكلەيدۇ، تۇتۇپلا قالسا، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، نەملىكنى ساقلاپ، بىرقانچە يىلدىلا يەرنىڭ سۈپىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلايدۇ. مۇشۇ ئارتۇقچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، جىگدە كۆچىتىگە تېرەك كۆچىتىنى ئارىلاشتۇرۇپ سالغان. جىگدىدە مال- چارۋا بېقىشقا، تېرەكنى ياغاچ ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا بوران، قۇمنى توسۇشقىمۇ ئەسقاتىدۇ. شۇڭا، يەنىلا

بۇ پىلانىمىزدىن يانمايمىز ، ئەگەر سىز دېگەندەك، قۇملۇق چىلىنىنىڭ كارامىتى بولسا، ئۇنىمۇ قولىنىپ باقساق بولىدۇ.

— قۇملۇق چىلىنىنىڭ قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېۋىسىنى سېتىپ پۇل قىلغىلى بولىدۇ، ـ دېدى جاڭ شۆشياڭ .

ياندۇرقى يىلى مىجىت ئېلى جاڭ شۆشياڭنىڭ تەكلىپى بىلەن قۇملۇق چىلىنىدىن ئازراق ئېلىپ كېلىپ سىناق تەرىقىسىدە تىكتى. ئۇ چىلانلار راستىنلا بۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ماسلىشىپ قالدىمۇ ـ قانداق، ئۇبدانلا ئايىنىشقا باشلىدى.

## تۈنجى ھوسۇل

يازلىق يېسىسۋېلەك بوران ئاپىتىدە نابۇت بولغاندىن كېيىن، ئىككى مو يەر چوڭقۇر ئاغدۇرۇلۇپ ئاقتاما قىلىندى. بۇ چاغدا كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق غۇلغۇلا پەيدا بولدى:

— يېسىسۋېلەك بىزنىڭ بۇ يەرگە ماس كەلمەيدۇ. مىجىت ئېلىنىڭ ئىككى مو يېرىنىڭ ئۆمرى بىكار كەتتى. ھەي ئىست، ھېلىقى تېخنىكنى يېمەي يېگۈزۈپ باققىنىچۇ؟ ئۇمۇ تايىنلىق بىر نېمىكەن......

— شۇنى دېمەمسىلە ،ئايتىللا ئاچامغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، كېچىنى كېچە، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي، ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارغا زىيان سالدى......

— ئۇ سىلىق گەپ قىلىپ جان باقىدىغان ئالدامچىكەن، ئۇنىڭ كازاپلىقىنى بىر دېمەڭلا......

— راست، كازاپ بولمىسا ئۇلارنى ئالدىمايتتى، بۇغداي

ياكى قوناق تېرىغان بولسا، 9—10 تاغار بۇغداي ـ قوناق ئالىدىغان يەرنىڭ ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى، قاراپ تۇرۇپ قارا باستۇردى ـ دە؟ ئىست......

— ئەمدى مىجىت ئېلىنى قارا باستۇردىما، ئەتە ـ ئۆگۈن بىز دېھقانلارنىمۇ قارا باستۇرىدۇ، ھېچ بىكارغا ئىش قىلىدىغاندەك كۆرۈنمەيدۇ ئۇ، چوڭراق ئىشتىن بىرنى تېپىپ بىزنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ تېخى!؟

— ئۇ ئىشنىمۇ تېپىپ بوپتۇمىش. كېلەر يىلى چىلان سالىدىغان ئوخشايمىز، بۇ پىلاننى ئاشۇ تېخنىك تاپقانمىش......

— ھە مانا ؟ ئىش ئوخشاپتۇ، بۇ يەردە قاچانمۇ چىلان ئۆستۈرگەن؟ ساتالمىغان چىلان كۆچەتلىرىنى بىزگە سېتىپ پۇل تاپاي دەپتىمۇ؟ ھەي، بىر نېنىمىز ئىككى بولماي ئۆتۈپ كېتىدىكەنمىز ـ دە؟!

كىشىلەرنىڭ بولمىغۇر گەپلىرىگە مىجىت ئېلى ۋاقتىدا چۈشەنچە بەردى ۋە رەددىيە بەردى.

مىجىت ئېلى جاڭ شۆشياڭنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەرنى راسلاپ بەردى، ئىككى نەپەر ياش دېھقاننى يىپسۇبلەك تېرىشقا ياردەملەشتۈرۈپ، يىپسۇبلەك تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇدى. 8 ـ ئاي كىرىشى بىلەن جاڭ شۆشياڭ كۆزلۈك يىپسۇبلەكنى دەل ۋاقتىدا تېرىدى، ئۇنىڭ كۆزلۈك يىپسۇبلەكتىن مول ھوسۇل ئېلىشقا ئىشەنچى كۈچلۈك ئىدى. تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاچقا، يىپسۇبلەك ئۇرۇقى بىرنەچچە كۈندىلا ئۈنۈپ چىقتى. يىپسۇبلەك مايسىلىرىنىڭ ئۈنۈش ھالىتىدىن تېرىش تېخنىكىسىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. جاڭ شۆشياڭ ئىككى ياشنى ئەگەشتۈرۈپ

يىپەك قۇرتىنىڭ ئۆزگىرىشى

www.uyghurkitap.com

يىپسسۇبلەك مايسىلىرىنى بىرمۇبىر پەرۋىش قىلىشقا باشلىدى. مايسىلار ئىككى قۇلاق بولغاندا تاقلاندى، مايسا قالدۇرۇلدى، تۇۋىنى يۇمشىتىش، ئوتلىرىنى ئوتاش، دورا چېچىش، سۇغىرىش ئىشلىرىنى شۇنچىلىك تەرتىپلىك، ئىنچىكە ئىلىپ باردى. مايىسلار كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى ئۆسۈشكە باشلىدى. يىپسسۇبلەك مايسىلىرى چوڭ بولۇپ 6—7 قۇلاق بولغاندا، خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن چارۋا مالنىڭ قىغى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوغۇتلاندى. يىپسسۇبلەك مايسىلىرى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىگە كىرگەندە، بوياقچىغىللىقلار ئۆزلىرى ئويلاپمۇ باقمىغان، شۇقەدەر ئوخشىغان يىپسسۇبلەكلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— راست يامان خەنزۇكەن بۇ؟

— «قۇشناچىمنىڭ ئىشىنى ئوخشاتقان مولىلىكامنىڭ ئوتىيىشى» دېگەن گەپ بار، بۇ خەنزۇنىڭ ئىشىنى ئوخشاتقىنىمۇ باشقا بىرسى ئەمەس، مىجىت ئىلىنىڭ ئۆزى دەڭلا؟

— ئۇغۇ شۇ؟ سۇ دېسە سۇ، ئوغۇت دېسە ئوغۇت، ئىشلەيدىغان ئادەم دېسە بىكارلىق ئادەم بېرىۋاتسا نېمە ئوخشىمايدۇ!

ئادەم دېگەن شۇ. بىر ئىش ئەپلەشمىسە غاجاش، ئەپلەشسە كۆرەلمەسلىك ھەر جايدا بار. كۈز كەلدى. يىپسسۇبلەكلەر شۇنچىلىك ئوخشىدىكى، ئېتىز بېشىدا ئولتۇرۇپ يېگۈسى كەلگۈدەك، كەتمەن سىلىپ قومۇرماي، شۇ پېتى ساقلاپ ھۇزۇرلانغۇدەك دەرىجىدە بولۇق، ئاپپاق، شۇ قەدەر بويلۇق ئوخشىدى. جاڭ شۆشياڭ بىلەن ئىككى ياشنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق جىلۋىلەندى. ئۇلاردىنمۇ بەك زوقلانغىنى يەنىلا مىجىت ئىلى بولدى. يىپسسۇبلەك 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا

يىغۇۋېلىندى، بىر ئېتىزدىكى يېسسۇۋېلەك ئازكەم بىر ئېتىزغا تىزىلىپ، تۈۋى كۆمۈلدى. مىجىت ئېلى دەسلەپ بۇنى مەھەللىگە تارقىتىپ بېرىشنى پىلان قىلدى، كېيىن بۇ نىيىتىدىن ياندى. ئۇ يېسسۇۋېلەكنى سېتىپ پۇل قىلىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەشقەر شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆكتات شىركىتىدىن چىققان خادىملار يېسسۇۋېلەكنى بىرىنچى دەرىجىلىك مەھسۇلات دەپ باھالىدى ۋە ئىككى مو يەردىكى يېسسۇۋېلەكنى 2400 يۈەنگە سېتىۋالدى ھەمدە كېلەر يىلى قانچىلىك تېرىسا، ھەممىسىنى سېتىۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يېسسۇۋېلەكنى ئاپتوموبىلغا بېسىپ بەرگىلى كەلگەن دېھقانلار مىجىت ئېلىنىڭ قولىدىكى بىر تۇتام پۇلنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە بىر ئىشەندى، بىر ئىشەنمىدى. چۈنكى، بىر مو يەردىن 1200 يۈەن كىرىم قىلىش شۇ يىللاردا كارامەت ئىش ھېسابلىناتتى. بۇ يەردىكى دېھقانلار شۇ كەمگىچە تەشۋىقاتتىن بۇنداق ئىشنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەنىدى. شۇ كۈنلەردە مىجىت ئېلىنىڭ ئىككى مو يەردىن نۇرغۇن پۇل تاپقانلىقى ھەققىدىكى بۇ ئىش ئاجايىپ مۆجىزە سۈپىتىدە كىشىلەر ئارىسىدا ھېكايە قىلىنىشقا باشلىدى.....

## يول ئېچىلدى

مىجىت ئېلىنىڭ يېرىدە سىناق قىلىش ئارقىلىق بوياقچىغىل كەنتىنىڭ يەرلىرىنىڭ كۈزلۈك يېسسۇۋېلەك تېرىشقا ماس كېلىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

«شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دېگەندەك، مىش-

مىش گەپ ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى. شۇ يىلى يەرلەرنى ئائىلىلەرگە تەقسىملەپ بېرىش، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سىياسىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ خىلى ئۇزاقتىن بۇيان كىشىلەر ئارىسىدا بولۇپ كېلىۋاتقان غۇلغۇلا بولسىمۇ، لېكىن بوياقچىغىل دېھقانلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. بۇنىڭغا ئىككى ئىش سەۋەب بولغانىدى. بىرسى، بۇ كەنتتىكى دېھقانلار يوپۇرغا ناھىيەسىنىڭ سىيەك يېزىسىدا بۇ خىل تۈزۈم يولغا قويۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى بىلگەنىدى. ئۇلار بىردەك بۇنداق قىلىش بەك ياخشى ئىكەن، ھەممە ئادەم ئۆزى ئىشلەيدىكەن، مەھەللە باشلىقى، كەنت كادىرلىرى كەينىمىزگە كىرىۋېلىپ ئىشقا ھەيدەپ خاپا قىلمايدىكەن، خالىغاندا ئىشلەپ، خالىغاندا ئارام ئالىدىكەنمىز، بازارغا بارامدۇق، مازارغىمۇ، تويغا بارامدۇق، مەشرەپكىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ئىكەن، بۇ ئاجايىپ ئەركىنلىك ئىكەن، قورساققا ئاش- تاماق، يانچۇققا پۇل لازىم بولسا ئىشلەيدىكەنمىز، دېگەن قاراشقا مايىل بولۇپ قالغانىدى. ئىككىنچى بىرسى، يېقىندىن بۇيانقى كەنتتىكى ئۆزگىرىش ۋە يۇقىرى ئەمگەك كەيپىياتى بولۇپ، باي بولۇشقا تىرىشىش ئىلگىرىكىدەك كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىق بولماستىن، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىۋاتقانلىقى بولۇپ، تەرەققىي قىلىش ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئويغىنىشنى ھاسىل قىلغانىدى.

خانئېرىق بازىرىدىكى بىرنەچچە كەنت - مەھەللىدە يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى راستتىنلا يولغا قويۇلدى، «داش قازان» بىراقلا چېقىپ

تاشلاندى. بوياقچىغىل كەنتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئالدىدا ماڭدى. يىللاردىن بۇيان تولا تەكىتلەنگەن، ئەمما ئەمەلگە ئاشماي كەلگەن «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن ھەقىقەت يۈز ئاچتى. «باي بولۇش يوللۇق» ناخشىسى ھەممە يەردە ياڭراشقا باشلىدى. لېكىن، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەشكىللەش، ھاشار، يىغىن - سورۇن تەرتىپلىرىدە ئانچە چوڭ سەكرەپ كېتىش بولماستىن، ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى، قۇرۇلمىسىدا راستىنلا ئاسمان - زېمىن سەكرەش، ئۆزگىرىش بولدى. دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە تەقسىم بولغان يېرىگە ئىشلەپ پۇل تېپىشىغا يول قويۇلۇش بىلەن بىرگە، خالىغانچە تېرىپ زىيان تارتىۋېلىشىغا چەك قويۇش تەك يۈرگۈزۈلدى. شۇڭا، كەنت كومىتېتى كىمنىڭ نېمە تېرىشنى، قانچىلىق ھوسۇلنى ئۆزى ئېلىپ، قانچىلىكىنى كەنتكە تاپشۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بېكىتىپ بەردى. دېمىسمۇ، بەزىلەر ئىشچان، پاراسەتلىك بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشنى ئۆزى قىلىپ كېتەلەيتتى ھەم مول ھوسۇل ئالالايتتى، لېكىن بەزىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىشلىگەننىگە لايىق نەپ ئالالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى يېتەكلەش، تەشكىللەش ناھايىتى زۆرۈر خىزمەت ئىدى. كەنت كومىتېتى يەرلەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىنكى يېڭى ئۆزگىرىشكە قارىتا سەزگۈر بولدى. دېھقانلارنىڭ ھەم رايىنى چىقىش قىلىش، ھەم مۇناسىپ بولمىغان تەلىپىگە قارىتا سىياسەت بويىچە چەك قويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەرلەرنى بىر ياپسا تېرىش، بىر تۈتاش بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇڭا، يەنىلا كۆپ قىسىم يەرلەرنى كېۋەز ۋە ئاشلىق تېرىشقا ئاجرىتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى ھەل

قىلىش، پاختا ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى كېڭەيتىش ئارقىلىق كىرىمنى كۆپەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مىجىت ئېلى يېسسۇېلەك تېرىشتىكى تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى يېسسۇېلەك تېرىشقا ئاجرىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بوياقچىغىلىقلاردىن ھەسەنجان، ئوسمان، ئەلى ئوبۇل، ئۆمەرجان قاتارلىق ئون نەچچە ئائىلە بۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشتى. ئۇلار ياندۇرقى يىلى كۈزلۈك يېسسۇېلەك تېرىش تەييارلىقىنى قىلدى، چۈنكى ئۇلارغا بالدۇر پىشار تاڭشەن كۈزگى بۇغدايلىقىدىن 30 مو تەگكەن بولۇپ، ئورمىدىن كېيىنلا يېسسۇېلەك تېرىسا تازا ماس كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەتتە نامرات ئائىلە بار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ قەلبىدە ئاز- تولا نەق پۇل تېپىپ، كۈنۈمنى ياخشىلىۋالسام دەيدىغان ئويى بار ئىدى. ئۇلار شۇنداق قىلدى ۋە يېسسۇېلەكلىرى ناھايىتى ئوخشاپ، مول ھوسۇل ئالدى. مىجىت ئېلى قەشقەر شەھەرلىك كۆكتات شىركىتىنىڭ خادىملىرىنى باشلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېسسۇېلەكلىرىنى سېتىپ پۇل قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ قولى پۇل كۆردى، ھەتتا ئاسانلا پۇللۇق بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

يەنە بىر يىلىغا كەلگەندە كەنتتە يېسسۇېلەك تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان ئائىلە 60 كە، تېرىلغان يېسسۇېلەك بىراقلا 120 موغا يەتتى. مىجىت ئېلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تېخنىكا يېتەكچىلىكىنى جاڭ شۆشياڭ بىلەن ھېلىقى ئىككى ياش ئۈستىگە ئالدى. يىل ئاخىرىدا ھەر مو يەرنىڭ يېسسۇېلەكتىن قىلغان كىرىم 1000 يۈەندىن ئاشتى. كەنت كومىتېتى يېسسۇېلەك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىستىقبالىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. كېيىنكى يىلى كەنت

بويچە يىپسۇىلەك تىرىغان ئائىلە 180 گە، تىرىلغان يىپسۇىلەك 250 موغا يەتتى. مىجىت ئىبلى ئۆزىنىڭ بىر مو يېرىدە مەخسۇس يىپسۇىلەك ئۇرۇقى يېتىشتۈردى.

مىجىت ئىبلى بۇ ئىشتىن باشقا، يەنە بىرقانچە قوشۇمچە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئويلىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى، ئۆز كەنتىگە باب كېلىدىغان پىلە قۇرتى بېقىپ، پىلە غوزىسى ئىشلەپچىقىرىش بولدى. ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك پىلە- ئۆجمىچىلىك مەركىزىگە بېرىپ، بۇ ئورۇننىڭ مۇدىرى خاڭ رېشى بىلەن تونۇشتى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆز كەنتىدە 30 مو يەردە ئۆجمىلىك بەرپا قىلىپ، پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى مەسلىھەتلەشتى. بۇ تۈرمۇ ئۇتۇملۇك يولغا قويۇلدى.

مىجىت ئىبلى جاڭ شۆشياڭنى ئۆز ئۆيىدە تۆت يىل تۇتۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا يەرلىك بىلەن بىڭتۇەننىڭ ھەمكارلىقى كۆپلۈك بولۇپ، بىڭتۈەن يەرلىكنىڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەملىشەتتى، ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم بېرىش ئۇلارنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمىتى ئىدى. جاڭ شۆشياڭمۇ دەل مۇشۇ سىياسەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىشلەپ، بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ،بوياقچىغىلدا شۇ يەرگە خاس كۆكتات تېرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئاساس سالغانىدى. شۇڭا، بوياقچىغىلدا بىر بۆلەك دېھقانلار يىپسۇىلەك تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، مىجىت ئىبلى جاڭ شۆشياڭدىن «ھۈنەر» ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويمىدى. ئۇ ئۆزىگە تەۋە يەرلەرگە شوخلا، مۇچ، پىدىگەنلەرنى تېرىشنى سىناق قىلدى. ھەش- پەش دېگۈچە بۇ ئىشمۇ كەڭ قوللاشقا ئېرىشىپ، دېھقانلار ئارىسىدا شوخلا، مۇچ، پىدىگەن تېرىش قىزغىنلىقى قوزغالدى. شۇنداق قىلىپ، بوياقچىغىلدا كۆكتاتچىلىق كەسپى تېز تەرەققىي

قىلدى. ھەر مو كۆكتات يېرىنىڭ يىللىق كىرىمى 3000 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە بولدى، بۇ بوياقچىلىقنىڭ تۈۋرۈك كەسپى بولۇپ قالدى.

جاڭ شۆشياڭ كېيىن تېرىغان چاغدا مىجىت ئېلىنىڭ كۆزى قىيماي قالدى. كەنت نامىدىن ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى، ئالاھىدە داستىخان سېلىپ ئۇزاتتى ھەمدە چوڭ لەۋھە تەييارلاپ، ئىككى ئادەمنى باشلاپ ساۋغۇغا بېرىپ، تۈەن رەھبەرلىرىگە تەقدىم قىلىپ، جاڭ شۆشياڭغا ۋە تۈەنگە بولغان رەھمىتىنى ئىزھار قىلدى. جاڭ شۆشياڭ مۇنداق دېدى: «مەن بوياقچىلىقلىغا ئازغىنە ھارارەت بەرگەن بولسامۇ، ئۇلار ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. مەن بۇ يەردە ھەقىقىي تېخىنىك بولالىدىم. چوڭ ئىشلار كىچىك ئىشلاردىن، كىچىك سىناقلاردىن بارلىققا كېلىپ، بوياقچىلىقلارنىڭ بېيىش يولى ئېچىلدى. ئۇلار ھاياجانلاندى، پەخىرلىك تۈيغۇلارغا تولدى.»



# يىراقتا نەزەر

## 88 ئائىلىمۇ بىزنىڭ باغنىڭ مېۋىسى

كۆنلەر ئايلارنى قوغلاپ، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى، ھەش- پەش دېگۈچە 1984 - يىلىمۇ كېلىپ قالدى. يىللارنىڭ بوندىاق يورغىسى بوياقچىغىلغا يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ يېڭىلىقلار ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغىنى كەنتنىڭ يېزا ۋە ناھىيە بويىچە ئىلغار، قىزىل بايراقدار كەنت بولغانلىقى، باي بولۇش ئۈلگىسى دېگەن نامغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغىنى، كۆپ قېتىم تەجرىبىسىنىڭ تونۇشتۇرۇلغىنى بولدى. لېكىن، بەش بارماق تەڭ بولمىغاندەك، دېھقانلارنىڭ باي بولۇشى تەكشى ئەمەس ئىدى. پەقەت بۇ كەنتنىڭ بېيىش ئۈلگىسى بولۇپ تىكلىنىشى ئۇنىڭ كۆپ سانلىق دېھقانلىرىنىڭ ئەينى يىللاردىكىدىن ھالانغانلىقى، قولى پۇل كۆرگەنلىكى، خامىنى ئاشلىققا تولۇپ، ئوزۇق - تۈلۈكى ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ئۇزۇلۇپ قالماي يەتكەنلىكىدە ئىدى.بۇ ھالغا يەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىدىن تىرىشچان، جانلىق، ئېپى بار، ئىش- ئەمگەكتە پىشقان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، كەنت، مەھەللىنىڭ كۆرسەتمىسگە يېقىندىن ماسلىششچانلىقى بىلەن يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش، يېڭىچە تۇرمۇش قايىنىمىدا ئۇزۇپ

چىققانلار ئىدى. يەنە بىر قىسىملاردا كۆپ تەرەپلىمە سۆرەلمىلىك مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى ھۇرۇنلۇق بىلەن قاشاقلىق پاتقىقى ئاستىدا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇچرىغان بەدەل تۆلەپ، قىممەتلىك ھاياتلىق قىزغىنلىقىنى كۆمۈۋەتكەنلەر ئىدى. يەنە بەزىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ئەمگەك ئىقتىدارى تۆۋەن، تېنى ئاجىز، مېيىپ، يۆلەكچىسى يوق «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان» بىچارىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولمىسىمۇ، كەنتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايتتى. مىجىت ئېلى ئۇلار ئۇچۇن شۇنچىلىك جان كۆيدۈرۈپ، باش قاتۇرۇپ، ئامالىنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ھاللاندۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلاتتى.

مىجىت ئېلى 1985 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە كەنتتە يەنە 88 ئائىلىنىڭ كىرىمىنىڭ ئاران200 يۈەن ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئالدىنقى يىلى كۈزدىكى ھوسۇل ۋە كىرىمگە قاراپ نامرات ئائىلىلەر توۋەپ قالار دەپ ئويلىغان مىجىت ئېلى قىش بىلەن ئەتىياز ئارىلىقىدىكى سېرىقتال مەزگىلدە يەنە 88 ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ تېخىچە نامرات سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ چىقتى ھەمدە ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى بېكىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەملەرنىڭ نامراتلىقى مىجىت ئېلىنىڭ ئولتۇرسا ـ قوپسا خىيالىدىن كەتمەيدىغان ئىشقا ئايلاندى. ئۇ مۇنداق ئويلىدى:« مەن بىلەن كەنتلا نامدا بار، ئەمەلدە يوق باي ئاتىلىپ قالسا بولمايدۇ، 88 نامرات ئائىلىسى بار كەنتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان باي كەنت دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇلارمۇ بىزنىڭ باغرىمىزنىڭ مېۋىسى، ئۇنى قانداق پىشۇرۇپ تەييار قىلىش

يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ئىلكىدىكى ئىش. نىيەتلا قىلساق، ئۇلارمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ، جۈرئەتلا قىلساق، ئۇلارنى شېرىن تەمگە، ياخشى نامغا ئىگە قىلالايمىز!.......»

مجىت ئېلى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى مۇھەممەت مەمەت بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، نامرات ئائىلىلەرنى قانداق قىلىپ نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇ مۇزاكىرە داۋامىدا مۇنداق دېدى:

— بىر قىسىم ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقى ئەمگەك كۈچىنىڭ ئازلىقى، پاراسىتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ يېتەكلەشكە موھتاجلىقىدىن بولغان دەپ قارايمەن. بەزىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى ئاجىز، مەيلى قانداق بولسۇن، ئۇلارغا بىز باش بولمىساق بولمايدۇ. مېڭىشقا يول تاپالمىسا، ماڭالمىسا، يول تېپىپ بېرىش، قوپالمىسا يۆلەپ قوپۇرۇپ قويۇش، تۇرمۇش قامداش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ياردەم قىلىپ تۇرمۇشىنى تۇرمۇش قىلىپ قويۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز. شۇڭا، بىز بۇ جەھەتتە كىمنىدۇر ياقتۇرۇپ، كىمنىدۇر يەكلىسەك بولمايدۇ، بىز كەنتنىڭ رەھبەرلىرى، سەركىلىرى. شۇڭا، بىزگە ھەممە ئادەم تەڭ، باراۋەر كۆرۈنۈشى، ھەممە ئادەم ئۆزىمىزنىڭ پەي- قانىتىمىز بولۇپ تۇيۇلۇشى كېرەك. بىر ئادەمگە نىسبەتەن بايلىق كۆپ بولسا ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ، ئاز بولسا كەملىك قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ يەيدىغىنى چاغلىق، بىر ئادەم زۆرۈرىيىتى كەلسە بىر نانغا تويىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە ئاشۇ بىر ناننى قانداق قىلىپ باشقىلار بىلەن تەڭ يەپ، باشقىلار بىلەن تەڭ ھوزۇرلىنىپ، كىشىلىك ھاياتتىن ئورتاق

بەھـرىمەن بولۇشـنى بىلـشتە. «تەڭ يـېگەن تەنـگە سىـگەر» دەيدىغان گەپ بار. بۆگۈنكى كۈندە ھەممىمىز خۇسۇسىيلىشىپ كەتسەكمۇ، كىشلىك مۇناسىۋەتتە يەنىلا ئەدەپ، ھايا بىلەن ياشاش، ساخاۋەت قىلىش، كۆيۈنۈش، مېھىر- مۇھەببەتتىن ئورتاق بەھـرىمەن بولـۇش تۇيغۇسـىدا ياشىمىساق، ھايات مەنىلىك بولمايدۇ. بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بىز كەنت كادىرلىرىنىڭ ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قىينىچىلىقنى ھەل قىلىش، ياردەم بېرىش ۋە يـۆلەش، يېتەكلەش، باي قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مەجبۇرىيىتىمىز. بەزى نامراتلارنىڭ ئەمگەك دېسە بېشى ئاغرىيدۇ، كەتمەن چاپسا قولى ئاغرىيدۇ، يەڭ، ئېلىڭ دېسە ھەممىنىڭ ئالدىدا شۇ بار، ئالتە پاتمان ئالسام دەيدۇ. بىراق، ئىشلەڭ دېسە ھالى شۇ، گېپى سېسىق. لېكىن، ئۇلارنى تاشلىۋەتسەك، يامان كۆرسەك بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ خۇيىنى، ئۇنداق ياكى مۇنداق قىلىقنى دەپ نېرى تۇر دېسەك بولمايدۇ. بىز ئۇلارنى يامان كۆرسەك، ياتلىساق، ئۇلارنىڭ سەلبىي تەرىپى، سەلبىي نەتىجىسى بىزنىڭ نۇرغۇن ئىشىمىزنى يوققا چىقىرىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇلارنىمۇ تەڭ قەدەمدە مېڭىشقا يېتەكلىمىسەك بولمايدۇ. مېنىڭچە، كەنتىمىزدىكى 17 نەپەر كادىر، پارتىيە ئەزاسى بىردىن نامرات ئائىلىنى ھۆددە ئېلىپ، باي بولۇشقا يېتەكلىسەكمىكىن دەيمەن، مانا مەن ئۆزۈم ئالتە نامرات ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزىمەن، باشقىلارمۇ غەيرەتكە كېلىپ، بىرنەچچىدىن ئائىلىنى ھۆددە ئېلىپ يېتەكلىسە تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. لېكىن، بىردىن ئائىلىنى يۆلەش ھەر بىرىمىزگە بۇ يىل مەجبۇرىي بولسا، بۇ سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا، ھەممىمىزنىڭ تەلىيى!

مىجىت ئېلىنىڭ پىكرى يېڭىچە ئىدى، شۇڭا يىغىنغا قاتناشقانلار بىرقىسمىلا بولۇپ قالدى. بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش بولمىسىمۇ، ئولتۇرغانلارنى ئىچكىرىلەپ ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئىش ئىدى. چۈنكى، نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش بىر يەردە يولغا قويۇلۇپ باقمىغان ئىش بولغاچقا، ئۇلار دەمال بىرنەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. مىجىت ئېلى يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ئەنسىرەيدىغان ئىش ئەمەس، زىممىمىزدىكى يۈك بىرقەدەر ئېغىرلايدۇ شۇ، بىراق ئۇنىڭمۇ كارايىتى چاغلىق. ئەڭ مۇھىمى، بىز پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، بىزنىڭ ھەربىر ئىشىمىز، ھەربىر سۆزىمىز پارتىيەنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. خەلق ئاممىسى بىزنىڭ سۆزىمىز، بىزنىڭ ئىشىمىزغا قاراپ پارتىيەگە باھا بېرىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېزا، يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار مەسىلىسىدە ھەر يىلى دېگۈدەك يېڭى سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، يېزا ئىسلاھاتىنى قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزىلارنى پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈۋاتىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا كەنتتە نامرات ئائىلىلەرنى ياخشى يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭمۇ باي بولغانلار بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىشىنى ئىشقا ئاشۇرمىساق بولمايدۇ. بىز نامرات دەۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ھەقىقەتەن تىرىشچانلىق بولمىسىمۇ، يېتەكلىسەك كۈچى بار، دىتى بار، ئاسانلا نەتىجە قازىنالايمىز. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۇنداقلارنى ياخشى يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ياخشى پىلانلاپ، ئاشلىق تېرىشنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشقا يېتەكلىسەك چوقۇم ئۈنۈمى زور بولىدۇ. بىز ھازىر كۆكتاتچىلىق بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇغۇللىنىۋاتىمىز. پايدىسىمۇ ياخشى بولۇۋاتىدۇ. يەرلەر بۆلۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، بەزىلەرنىڭ ئىدىيەسىدە نىشان تۇراقلىق بولدى، شۇڭا بىز ھەم تەڭشەپ ئىش قىلىساق، ھەم مەجبۇرلاش ئارقىلىق يېتەكلەش تەدبىرىنى قوللانساق، ئۇ چاغدا كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچالايمىز. بۇ يەردە مەن ھەممە كىشىنى قوشۇمچە كەسىپ ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆكتاتچىلىق قىلسۇن دېمەيمەن، قىلساق يەنە نۇرغۇن ياخشى تۈرلەر بارغۇ؟ بەزى تېرىلغۇ يەرلەردە بىر تۇتاش تېرىشنى يولغا قويساق، يەنىلا كوپېراتسىيە مەزگىلىدىكىدەك ياخشى ھوسۇل ئېلىش پۇرسىتىمۇ تۇغۇلىدۇ؟ مېنىڭ ئويلىغانلىرىم شۇنچىلىك، قالغاننى كۆپچىلىك بىرنەرسە دېسە؟......

— مىجىت ئېلىنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بار، ئەمدىكى مەسىلە شۇنداق قىلالامدۇق - يوق؟ گەپ مۇشۇ يەردە.

— قىلىمىزلا دېسەك قىلغىلى بولىدۇ، دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ھېچ ئىش يوق. ئەمما، بۇ نامراتلارنىڭ تولىسى بايا دېگەندەك سۆرەلمە خەق! بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەيدۇ......

— مېنىڭچىمۇ ئۇلارنى ھۆددە ئېلىپ يۆلەيلى. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان قىلىمىزلا دېگەن ئىشنى قىلدۇق. گەپ بىزنىڭ ئىرادىمىزنىڭ بوش- چىڭلىقىدا. قىلىمىز دەپ بەلنى باغلىساقلا بىر گەپ بولىدۇ. بۇ ئىشىمىز تېخى ياخشى نەتىجىسى بىلەن ھەممە يەرگە تاراپ كېتەمدۇ تېخى......

مىجىت ئېلىنىڭ سۆزلىرى مانا مۇشۇنداق مۇلاھىزە قوزغىدى. ئاخىرىدا پارتىيە ئەزالىرى نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ قۇتقۇزىدىغان بولۇپ قارارلاشتۇرۇلدى.

كېيىن بۇ ئىش توغرىسىدا كەنت بويىچە ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئېچىلىپ ، كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن نامرات ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا توختام شەكىللەندۈرۈلدى.

مجىت ئېلىمۇ ئۆزى ھۆددىگە ئالغان ئالتە ئائىلە بىلەن توختامغا قول قويدى.

كۆپ سانلىق كەنت ئاھالىسى بۇ ئىشتىن راستتىنلا ھەيران قالدى. بەزىلەر نامرات ئائىلىلەرنىڭ «پىتلىنىپ» كېتىشىدىن كۆزى قىزىرىپ، بەكلا قورسىقى ئاغرىدى. يەنە بەزىلەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ نامرات ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇشقا بەل باغلىغانلىقىدىن سۆيۈندى.

نامرات ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆلىدىغان كۆڭلىرىمۇ كېلىدىغان بولدى. ئۇلار راستتىنلا سۆيۈندى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىردىنلا يەنە بىر قۇياش پارلىدى، يەنە بىر قىزغىنلىق ۋە ئاسايىش ئۆزىنىڭ رۇخسارىنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن كەمسىتىلىش، دىلىنى غۇۋالاشتۇرغان بىچارىلىك دەمال يوقالدى، يۇيۇلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىردىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئەمدىكى گەپ ئۇلارنىڭ ئۆزىدە، ھۆددە ئالغانلارنىڭ ئىلتىپاتى ۋە شىجائەت بىرلەشكەن پاراستىدە قالغانىدى.

شۇ ئىشتىمۇ يەنە مجىت ئېلى باش بولۇپ ماڭدى. ئۇ ئۆز يېنىدىن 16 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئالتە نامرات ئائىلىگە بىرلا ۋاقىتتا 10دىن توخۇ، بەش تۇياقتىن قوي، بىردىن ئىنەك ئېلىپ بەردى. بۇ ئىشنىڭ بۇ يەردە ئۆنۈمى ھەقىقەتەن ياخشى بولاتتى، دېھقان بىكار قالمايتتى، بۇ يەردىكى ئاشۇ نامراتلارنىڭ قولىغا چىققۇدەك، تىلىغا ئالغۇدەك نەرسىسى بولمىغاچقا ھۇرۇنلىشىپ كەتكەن، قىلىدىغان ئىشى

بولمىغانلىقتىن بىكار تەلەپ بولۇپ قالغان ياكى يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، ناچار قىلمىشلارغا ئادەتلىنىپ قالغان. مانا ئەمدى ئۇلار كۆندۈزى ئېتىزدا ئىشلىسە، كەچتە، چۈشتە ئۇلاغ ئۆلمەك باقسا، نۇرغۇن ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كېتىدۇ ھەممىدە ئۆزۈمنىڭ دەپ قىلىدۇ، ئۆزۈمگە دەپ ئىشلەيدۇ، ئۆزۈمنىڭ بولىدۇ دەپ تىرىشىدۇ. بۇنداق باقمىچىلىق نامرات ئائىلىلەرنىڭ راستتىنلا ئەرمەك كەسپى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار مىجىت ئېلىنىڭ ئۆيلىگىنىدەك ئىش قىلدى. ئۇلارنىڭ توخۇلىرى تۇخۇملىدى، ئۇنى يېدى، ئىلىتىپ، ھەتتاكى خام پېتى ئىچىشتى، بەزىلەر ئۇنداقمۇ قىلماي، ئاز بولسىمۇ پۇل قىلاي دەپ بازارغا ئاپىرىپ ساتتى، چۈجە چىقارتىپ چوڭ قىلدى، چۈجە ساتتى، توخۇ قىلىپ ئاۋۇتتى، قوي - كالىلىرىدىن قىغ چۈشۈردى، يەنە تېخى قويلارنى قوزىلىتىپ ئاۋۇتتى. قوزا - موزايلارنى چوڭ قىلدى، بوردىدى، ساتتى. ئىشقىلىپ بۇنداق تەكرارلىنىش داۋامىدا ھېلىقى نامراتلارنىڭ كۆپىنچىسى قايتىدىن ئويغاندى، قايتىدىن جانلاندى، بەزىلەر باي بولۇشقا قاراپ ماڭدى.

مىجىت ئېلى ئەتىيازلىق تېرىقچىلىق پەيتىدىمۇ قاراپ تۇرمىدى. بۇ چاغدا ئۇ يەنە بىر قىسىم نامراتلارغا خىمىيەۋى ئوغۇت ئېلىپ بەردى. ئۆزىنىڭ تىراكتورى بىلەن ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ھەيدەپ، بۇغداي - قونىقىنى تېرىپ، ئورۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئەجىر يەردە قالمىدى، جاپانىڭ تېگى راھەت دېگەندەك، مىجىت ئېلىنىڭ بىر يىل جاپالىق ئىشلىگەن خىزمەتلىرى نەتىجە بىلەن كۆلۈپ باقتى، ئالتە نامرات ئائىلە 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نامراتلىق ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى.

بۇ ئىش ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنىدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ شۇ چاغدىكى ناھايىتى ياخشى، تىپىك خەۋەر ئىدى، شۇڭا ئۇ پۈتۈن يېزىنى، ناھىيەنى، ۋىلايەتنى، ھەتتا ئاپتونوم رايوننى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. مىجىت ئېلى راستىنلا كارامەت، مۆجىزىلىك ئىش قىلدى، ئاساسىي قاتلام كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئالاھىدە ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بەردى. مىجىت ئېلى بۇ ياخشى ئىشى بىلەن شۇ يىلى يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

مىجىت ئېلىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1985 - يىلىدىن 1988 - يىلغىچە كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھۆددىگە ئېلىپ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا نامراتلىق ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ ياخشى ئۇتۇقلارنى قازاندى. 88 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. بوياقچىغىل كەنتىدە پارتىيە ئەزالىرى نامراتلارنى ھۆددىگە ئېلىپ نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلغان بەش يىل ئىچىدە مىجىت ئېلى ئۆزى 30 ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزدى، بۇ جەھەتتە ئۇ بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ياخشى ئۆبرازىنى يارىتىپ بەردى. بوياقچىغىل كەنتى شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە تۇنجى قېتىم نامرات ئائىلە يوق كەنتكە ئايلاندى.

## ھايۋان بالىسى ئاغزى - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتىدۇ

مىجىت ئېلىنىڭ قارىشىچە، بوياقچىغىل كەنتى نوقۇل ھالدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا تايىنىۋالسا بولمايتتى. سىياسەت بېرىۋاتقان قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، بەزى بېقىندىچىلىقتىن خالىي ئىشلەپچىقىرىش،تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىشمۇ زۆرۈر ئىدى.

دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ھالىتىدىن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلمىسمۇ بولمايتتى. قورساق غېمىنى قىلىش يەنىلا بىرىنچى دەرىجىلىك ۋەزىپە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق تېرىش دېھقانلار ئۈچۈن ئاتا مىراس ئەنئەنىۋى كەسىپ ئىدى. ھازىر يەنىلا يەرگە تايانماي بولمايتتى. يەر دېھقان ئۈچۈن ئالتۇن قوزۇق، دېھقان كۈچىنى ئايىمىسىلا، يەر دېھقاننى يەرگە قاراتمايدۇ. يەر ئارقىلىق ئاشلىق جەھەتتىكى تويۇنۇشنى ئىشقا ئاشۇرالىسا، ئاساس پۇختا بولاتتى. مۇشۇ پۇختا ئاساسنى ياراتقاندىلا، ئاندىن بارا - بارا باشقا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، جانلىق بولغان تەرەققىيات يولىنى تېپىپ چىقىپ، تېخىمۇ كۆپ بايلىق توپلىغىلى بولاتتى. مانا بۇلار مجىت ئېلىنىڭ پەرەزلىرى، ئويلىغانلىرى ئىدى.

بوياقچىلىقنى كۆكتاتچىلىق كەنتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ خېلى ۋاقىت كېتىدۇ، ئۇنى بارا - بارا ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. چۈنكى، بۇ تۈردە بۇ كەنت خېلى تەجرىبە توپلىدى، ئۇتۇق قازاندى، نۇرغۇن دېھقانلار بۇ كەسىپنى قوبۇل قىلدى. مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە كېتىدىغىنى يەنىلا ئوغۇت. ئوغۇت ياخشى، يېتەرلىك بولسا، ئاشلىقمۇ،كۆكتاتمۇ ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم بايلىق يارىتىپ بېرىدىغان، ھەم ئوغۇت مەنبەسىنى ئېچىپ بېرىدىغان باقمىچىلىق كەسپى بولۇشى كېرەك.

مجىت ئېلىنىڭ ئۆزى ھۆددىگە ئالغان ئالتە نامرات ئائىلىگە توخۇ، قوي، كالا ئېلىپ بېرىشىمۇ كەنتنىڭ بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش نىشانىنى سىناق قىلىپ بېقىش ئىدى. نەتىجىدە بورداقچىلىق ياخشى ئۈنۈم بەردى. مجىت ئېلىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئالتە ئائىلە مجىت ئېلى ئېلىپ بەرگەن قوي - كالىلارنى بورداپ سېتىش بىلەن شۇغۇللاندى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى

ساتسا ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدىغان شاخ، سامان، غازاڭلار، قوناق، كېپەكلەر كالا - قويلارنىڭ يېمى قىلىنىپ، ئۆز قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە قىممەت ياراتتى.

بوياقچىغىل خەلقى بورداقچىلىقنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنىڭ، باي بولۇشنىڭ بىر يولى ئىكەنلىكىنى تونۇدى، ئۇلار بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، چارۋىلارنىڭ قىغ - مايا قلىرىدىن ئوبدانلا پايدىلىنىپ، زىرائەت، كۆكتاتلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئوخشاتتى، ھەممىسى دېگۈدەك مول ھوسۇل ئېلىش ئارقىلىق قوش پايدا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بوياقچىغىلدا بورداقچىلىق يىلدىن - يىلغا كېڭەيدى، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپي ئائىلىلەر ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كەلدى. ئىككى يىلغا بارمايلا كەنتتە باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 100گە يەتتى. 60 ئائىلە بورداقچىلىق قىلىدىغان بولدى. يەنە بىر قىسىم ئائىلىلەر مەخسۇس كۆكتات مايسىزارلىقى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆلچەملىك قىلىپ باقمىچىلىق، بورداقچىلىق قوتانلىرىنى، يەم - خەشەك ئورىلىرىنى ياسىدى. 90 - يىللارغا كەلگەندە بوياقچىغىل كەنتىدە بورداقچىلىقتىن كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 300 يۈەندىن ئېشىپ، باقمىچىلىق، بورداقچىلىق كىرىمنى كۆپەيتىشنىڭ يەنە بىر مۇھىم يولى بولۇپ قالدى. بوياقچىغىلنىڭ «كۆكتاتچىلىق كەنتى» دېگەن نامىغا «بورداقچىلىق كەنتى» دېگەن نامىمۇ قوشۇلدى. بوياقچىغىل كەنتىنىڭ كۆكتات تېرىپ باي بولغانلىق تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشكە كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولدى.

ئاشۇ يىللاردا «ھېچ نەرسىنى ئەلدىن ئايىمايدىغان» مجىت ئېلى ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ ھېلى ئاشلىق تېرىش كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كۆكتاتقا يەر

ئاجرىتىش ئۈچۈن ئېتىزغا چاپسا، ھېلى قوي ـ كالا بوردىلىۋاتقان قوتانلارغا چاپاتتى. ھېلى بوياقچىلىغا كەلگەن رەھبەرلەرنىڭ يېنىغا چاپسا، ھېلى تەجرىبە ئۆگەنگىلى كەلگەنلەرنىڭ ئالدىدا ھازىر بولاتتى. ئۇ ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزىنىڭ قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ كەنتنى مۇشۇنچىلىك ھالەتكە كەلتۈرگىنىنى، بۇنىڭدا بارلىق كەنت كادىرلىرى، كەنت ئاممىسىنىڭ تۆھپىسىنىڭ زورلىقىنى، ئۆزلىرى قىلغان بۇ ئىشلارنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ كۆتكىنىدىن تېخى يىراق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى.

ئادەتتە كەم سۆز، كۆپ ئويلايدىغان، ئاز سۆزلەيدىغان مىجىت ئېلى يىغىنلاردا سۆزلەش، پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تەجرىبە تونۇشتۇرۇش، كەنتكە زىيارەتكە كەلگەنلەرگە ئەھۋال چۈشەندۈرۈش جەريانىدا بىر ناتىقتا ئايلاندى.

مىجىت ئېلى يەر ئاز، ئادەم كۆپ بوياقچىغىل كەنتىدە بورداقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېھقانلارنى باي قىلىشتىكى توغرا يول دەپ قارىغاچقا، باشتىن ـ ئاخىر بۇ ئىشنى ئۆزى بىر قوللۇق تۇتتى. چارۋىلارنىڭ سورتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشنى قىلچە بوشاشتۇرمىدى.

بىرنەچچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بوياغچىغىلدا باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇقتىلىق ئائىلە ئەسلىدىكى100 دىن كۆپىيىپ 180 گە يەتتى.

مىجىت ئېلى باقمىچىلىقنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرۈپ يەتكەندىن كېيىن، 2003 ـ يىلى قەشقەر نەندا سۈتچىلىك شىركىتى بىلەن كېلىشىپ، 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان كەنت ئىگىدارچىلىقىدىكى 2000 كۋادرات مېتىرلىق

چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق بازىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئەلا نەسىللىك كالىلارنى كىرگۈزۈپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىپ، كەنت ئائىلىلىرىگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن كەنتتە چارۋىچىلىق بىلەن بېيىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. قەشقەر نەندا سۈتچىلىك شىركىتى بىلەن كالا سۈتى سېتىۋېلىش - سېتىپ بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، كەنت ۋە كەنت ئائىلىلىرىنىڭ كالا سۈتى سېتىش يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلدى.

## يېڭى باش قېتىمچىلىق

بوياقچىغىلىنىڭ يول، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. مانا ئەمدى شۇ يوللاردىكى تېرەكلەر سايە تاشلىدى. بوياقچىغىلدا سەي - كۆكتات تېرىش ئاساسەن ئومۇملاشتى. بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. بىراق، بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى. باشقا يېزا - كەنتلەرمۇ بوياقچىغىللىقلار ماڭغان يولدا مېڭىۋاتاتتى، كىرىم جەھەتتە بوياقچىغىللىقلارغا يېتىشۋالايلا دەپ قالغانىدى. ھەممە تەرەپتە باي بولۇش يوللۇق، نامرات ئۆتۈش نومۇس شوئارىنىڭ ياڭرىشى تۈرتكىسىدە، مەيلى دېھقانلارنىڭ بولسۇن، مەيلى كادىر ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بولسۇن، كىشى بېشى كىرىمى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتاتتى.

مانا مۇشۇنداق پەيتتە مىجىت ئېلى رېئاللىققا يۈزلىنىشى، يېڭىلىق يارىتىشى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ توختاۋسىز ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان ئوي - پىكرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇ بوياقچىغىلنىڭ داۋاملىق باشلامچى دېگەن

www.uyghurkitap.com

نامىنى ساقلىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا مېڭىش ئۈچۈن يېڭى يول تېپىشى، ئۈلگە تىكلىشى، ئىگىلىكىنى كۆلەملەشتۈرۈشى، بازارلاشتۇرۇشى كېرەك ئىدى.

بوياقچىغىلدەك يەر ئاز كەنتتە ھەدېگەندە مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئېغىزدا ئاسان بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرماق ئىنتايىن قىيىن ئىدى. مۇشۇ بىرقانچە يىلدا كەنتنىڭ كىرىمى خېلى كۆپەيدى، كەنتنىڭ توقامدا بىر قەرزى تۆگىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاز - تولا كوللېكتىپ جۇغلانمىسىمۇ بار بولدى. بىراق، جۇغلانما يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، بۇنچىلىك جۇغلانما مىجىت ئېلى قانداقلا ئىش قىلسۇن، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقتا دال بولالمايتتى. مىجىت ئېلى ئاخىر ئۆزى ۋە باشقىلار دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقنىڭ مەنبەسىنى تاپتى. ئۇ نوقۇل نامراتلىق بولۇپلا قالماستىن، دېھقانلارنىڭ بىلىمسىزلىكى، يېزا پەن - تېخنىكىسىنى بىلىدىغان خادىملارنىڭ كەملىكى ئىدى. ئىلىم - پەنگە، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا تايانمىغاندا، شۇ چاغدا يولغا قويۇلۇۋاتقان كىرىشتۈرۈپ تېرىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىقچىلىق قىلىش قاتارلىق يېڭىچە تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى دېھقانلار ئارىسىدا ئوموملاشتۇرغىلى بولمايتتى. بۇ ئىش ئوموملاشمىسا بوياقچىغىلنىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتىن خالىي بولالمايتتى. «پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»، «تەرەققىيات چىڭ قائىدە» دېگەن ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسىدە، مىجىت ئېلى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، پەن - تېخنىكىنى ئوموملاشتۇرۇشنى كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ قانداق قىلىش ئۈستىدە كۆپ قېتىم ئويلاندى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. قاتقاندىمۇ شۇنچىلىك چىڭ قاتتى، چۈنكى، شۇ يىللاردا ئىشلەپچىقىرىشنى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋى پەن- تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش باھار شامىلى ھەممىلا يەرنى قاپلىغانىدى، مىجىت ئېلى بۇنداق ئىشقا كەلگەندە ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، تېگىشلىك ئۇچۇر ئېلىشقا تولىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىشنىڭ ئەمدى بىلىم بىلەن، پەن - تېخنىكا بىلەن يۈرۈشىدىغانلىقىنى، نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئىلمىيلىشىپ بارىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئۇ يەردە بىرنەچچە دېھقان ياشنى ياخشى ئوقۇتۇش قارارىغا كەلدى. بۇ قارار كەنتنىڭ قوللىشى بىلەن تېزلا يولغا قويۇلدى. كەنت مالىيەدىن 4000 يۈەندىن ئۇدا ئۈچ يىل پۇل ئاجرىتىپ، ھەر يىلى تۆت نەپەر ياشنى يېزا پەن- تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلىدى، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىك مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ياشلارنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېلىشىگە قاراپ تۇرماي، باشقا جايدىن 12 نەپەر تېخنىك خادىم تەكلىپ قىلىپ، بوياقچىغىلدا يېڭىچە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش تۈرىنى يولغا قويدى. تېخنىك خادىملارنىڭ تاماق ، ياتىقىنى ئۆز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن كەنتتە ئېلېكتىرلەشكەن ئوقۇتۇش ئۆيى قۇردى ۋە دېھقانلارنى تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيەلەشنى يولغا قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دادىل سىناق

1974 ـ ۋە 1975 ـ يىللىرى يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى«تاگشەن— 680» ، «تاگشەن—980» بۇغداي سورتىنى ۋە «ئارمىيە— 1» ،زەھەرسىز كېۋەز «ۋۇدۇمىيەن» قاتارلىق كېۋەز سورتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. بۇ سورتلار بوياقچىغىلغا تازا ماس كېلەتتى، بىراق ئۇنى شۇنداقلا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ قويۇشقا مجىت ئېلى قاتتىق ئۆچ ئىدى، شۇڭا ئۇ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ياخشى سورت ھېسابلىنىدىغان بۇغداي ئۇرۇقلىرىنىمۇ بوياقچىغىل كەنتىدە سىناق تەرىقىسىدە تېرىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئىشىغا ئاكتىپ ماسلاشتى.

مجىت ئېلى ناھىيەلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىكى تېخنىك سۇلتان مامۇت بىلەن خېلى بۇرۇنلا تونۇش ئىدى. ئۇ بوياقچىغىلدا بۇغداي، كېۋەزنىڭ ئەلا، يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ سىنىقىنى بىلىپ بېقىش قارارىغا كەلدى ھەمدە سۇلتان مامۇتنى ئىزدەپ بېرىپ، بۇ ھەقتە چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىرلەشتى. مجىت ئېلى بۇ ئىشقا بەكلا قىزىقتى. چۈنكى، بۇ يەردە ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا، دېھقانلار ئۇرۇقنى ئاشلىق، چىگىتكە قارىغاندا نەچچە ھەسسە قىممەت ساتالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تولىمۇ پىششىق ھەم تەييار سودا بولۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشتىكى يەنە بىر مەنبە ئىدى.

سۇلتان مامۇتنىڭمۇ بوياقچىغىل كەنتىگە چوڭقۇر مۇھەببىتى بولغاچقا، مجىت ئېلىغا بەزى ياخشى تەكلىپلەرنى

بېرىپ تۇراتتى. بۇغداي ـ قوناقلارنىڭ يېڭى سورتلىرى، يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇراتتى.

پىلانلىق ئىگىلىك تەدرىجىي بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندى، «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدا كوللېكتىپنىڭمۇ، شەخسلەرنىڭمۇ تەڭ بېيىشى، ئورتاق گۈللىنىشى، كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش تەكىتلەندى. بۇ جەھەتتە يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەت تېخىمۇ كەڭ بولدى. توغرا يول بىلەن باي بولسىلا، پۇل تاپسىلا، يېشىل چىراغ يېقىلىدىغان بولدى.

1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پاختىچىلىقنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىكى ۋە دېھقانلار تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويدى. شىخەنزىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى سىناق قىلىندى ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشنىڭ ئەھمىيىتى كۆرسىتىلدى ۋە ئۆگىتىلدى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشنىڭ مو بېشى بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىكى ئالاھىدىلىكى ھەر تەرەپلىمە چۈشەندۈرۈلدى ھەمدە كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ بۇ تۈرنى يولغا قويۇشى تەكىتلەندى.

يىغىنغا سۇلتان مامۇت بارغانىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. ناھىيە رەھبەرلىرى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ھەمدە بارىن يېزىسىنىڭ 15 ـ، 16 ـ، 18 ـ كەنتلىرىدە سىناق قىلىپ تېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بىراق، بۇ يەردىكى دېھقانلار سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشقا زادىلا قوشۇلمىدى. بۇ يېڭى تۈر كىشىلەرنى كۈچلۈك گۇمانغا سالغان بولۇپ، سۇلتان مامۇت

www.uyghurkitap.com

دېھقانلارغا چۈشەندۈرۈپ، شىركەت نامىدىن تىلخەت بېرىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىغان ھەر مو كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق، دېھقانلار بۇ يېڭى شەيئىنى قوبۇل قىلمىدى.

شۇ چاغلاردا مىجىت ئىبلى ئەنە شۇنداق بىر يېڭىلىقنىڭ ئۆز كەنتىدە پەيدا بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئۇ بارىن يېزىسىدىكى ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كاللىسىدىن بىر خىيال كەچتى ـ دە، بېشى تازا قاتقان سۇلتان ماموتنى ئىزدەپ باردى.

— تازىمۇ بەلەن ئىش بولدى دەگا؟!— دېدى سۇلتان ماموت تولىمۇ سۆيۈنۈپ، — مېنىڭ تەشنالىقىمنى پەقەت سىزلا قاندۇرالايسىز. جاھاندا ئادەمنى مۇشۇنداق چۈشىنىدىغان، ئاق ـ قارىنى مۇشۇنداق پەرق ئېتىدىغان سىزدەك ئادەملەر كۆپ بولسا ئىدى، بۇ دۇنيادا قىيىن ئىش قالماس ئىدى!......

سۇلتان ماموت ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش سىنىقىنى بوياقچىغىلغا يۆتكىدى. بۇ دەل مىجىت ئىبلىنىڭ «ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش»، «پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش» يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان پەيتلىرى بولغاچقا، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى.

بىراق، مىجىت ئىبلىنىڭ بۇ ئىشى كەنتتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى. بەزىلەر:

— مىجىت قارى يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى.

كېۋەز تېرىپ، ئۇستىگە سۇلياۋ يېپىپ قويىدىغان ئىش نەدە بار؟ ئۇرۇق قانداقمۇ ئۈنىدۇ، سۇلياۋ ئاستىدا سېسىپ قالامدۇ؟ — دەپ تۇرۇۋالدى. يەنە بەزىلەر :

— بۇ مىجىت قارى چىللاپ تاپقان ئىش. بۇ ئىشنى بىزگە زورلىماي، پايدىسى بولسا ئۆزى تېرىسۇن؟ — دېدى .

بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ مىجىت ئېلىنىڭ ئىچى ئاچچىققا تولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئۇ پەن- تېخنىكىغا، قەدىناس دوستى سۇلتان مامۇتقا ئىشەندى. ئۇ كەنتتىكى ھەرقانداق گەپ - سۆزگە پەرۋا قىلماي، مو بېشى مەھسۇلاتى بۇلتۇرقىدىن تۆۋەنلەپ كەتسە، تۆۋەنلەپ كەتكەن قىسمىنى ئۇرۇقچىلىق شىركىتى تۆلەپ بېرىش شەرتى بىلەن 300 مو يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىدى. كېۋەزنىڭ تېرىلىشىدىن كۆزدە مەھسۇلاتى يىغىۋېلىنغۇچە بولغان يەتتە ئاي ئىچىدە سۇلتان مامۇت باشلىق سەككىز نەپەر تېخنىك مىجىت ئېلىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپتى. مىجىت ئېلى كەنتتىكە ۋە شەخسىلەرگە بىر پۈڭ چىقىم كەلتۈرمىدى.

ھازىر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان سۇلتان مامۇت ئەينى چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش يېڭى شەيئى ئىدى. راستىنى دېسەك، شۇ چاغدا بىزنىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرىمىزمۇ گۇمان قىلغان، بۇنداق ئەھۋالدا دېھقانلاردىن رەنجىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. بۇندىن بۇرۇن قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىش دېھقانغا تېخىمۇ تەس ئىدى. شۇڭا، مىجىت ئېلى شۇ چاغدا تارتمىغان جاپالارنى تارتقان، ئاڭلىمىغان تىل- ئاھانەتلەرنى ئاڭلىغان، لېكىن ئۇ قەتئىي چىڭ تۇرۇپ،

باشقىلارنىڭ نىمە دېيىشىگە پەرۋا قىلماي، كەنتتە شۇ يىلى كېۋەز تېرىلماقچى بولغان 300 مو يەرنىڭ ھەممىسىگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىغان. كېۋەزنىڭ پەرۋىش ئىشلىرىنىمۇ ئېتىزمۇ ئېتىز چېپىپ يۈرۈپ، دېھقانلارنى تېخنىكا تەلىپى بويىچە ئىشلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلغان. كېۋەز مايسىلىرى ئۈنۈپ، چوڭ بولۇپ چېچەكلەپ غوزا تۇتقاندىلا، ئاندىن دېھقانلارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن.

كۈز كەلدى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزنىڭ ئاخىرقى پاختىلىرىمۇ تېرىۋېلىندى. بوياقچىغىل كەنتىدە ئالدىنقى يىلى تېرىلغان كېۋەزنىڭ مو بېشى بىرلىك مەھسۇلاتى 70 كىلوگىرام ئەتراپىدا بولغانىدى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزنىڭ بولسا ئەسلىدىكى ئويلىغاندىنمۇ ياخشى بولۇپ، مو بېشى بىرلىك مەھسۇلاتى105 كىلوگىرامدىن120 كىلوگىرامغىچە بولدى. بۇنى كۆرگەن دېھقانلار مجىت ئېلىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇشتى. بىزمۇ سىناق ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىن بىر پارچە دوكلات تەييارلاپ ناھىيە رەھبەرلىرىگە بەرمەكچى بولدۇق. بىز قايتىپ كېتىشكە ھازىرلانغاندا دېھقانلار مجىت ئېلىنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. ئىشىك ئالدىدا تۇرغۇن ئادەمنىڭ پارىڭى ئاڭلاندى.

ياردەمچى تېخنىك ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يېنىپ كىردى. ئۇ:

— ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر كەنت باشلىقى بىلەن، سۇلتان مامۇت بىلەن كۆرۈشمىز دەيدۇ، — دېدى.

مجىت ئېلى بىلەن دەرھال ئىشىك ئالدىغا چىقتۇق. مجىت ئېلى يۇرتداشلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، بىراق ئۇلار كىرگىلى ئۇنىمىدى.

— بىز ئەتىيازدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشقا ئۇنىماي كەنت باشلىقنى خاپا قىلدۇق، تېخنىكلارنىمۇ رەنجىتتۇق. كېۋەز راسا ئوخشاپ، بۇلتۇرقىدىن 50 — 60 كىلوگىرامدىن كېۋەز ئارتۇق چىقتى. كېۋەزنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ يۈزىمىز قىزاردى. تېخنىك خادىملارنى كېتىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، كەنت باشلىقدىن، تېخنىكلاردىن كەچۈرۈم سورىغىلى كەلدۇق. بىزنى كەچۈرسەڭلار، — دېدى. مىجىت ئېلى مۇنداق دېدى :
— ئاۋارە بولۇپسىلەر يۇرتداشلار، سىلەر ئەينى چاغدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىڭلار، ئەنسىرىشىڭلار توغرا ئىدى. شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلاركى، پارتىيە، هۆكۈمەت ياخشى بولمىغان ئىشنى ياخشى دەپ تەشۋىق قىلمايدۇ، بۇنداق قىلىشى بىزگە پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن. سەزگۈر بولمىساڭلار زاماننىڭ ئارقىسىدا قالىسىلەر. مانا ئەمدى باشقىلار كۆزىنى ئېچىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىپ، باي بولۇش يولىغا مېڭىپ بولغۇچە بىز باي بولۇپ بولىمىز. هەرقانداق ئىشتا ئالدىدا ماڭغاننىڭ پايدىسى كۆپ. سىلەر كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيسىلەر، هۆكۈمەت باشقا جايدا سىناق قىلىپ پايدىسى باركەن دەپ قارىسا ئاندىن كېڭەيتىدۇ، هەرگىز قارىسىغا ئىش قىلمايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە بۇ ئۇسۇلنى سىناق قىلدۇق، ماس كەلدى، مانا بۇ هەممىدىن ئەۋزەل. ئەينى چاغدا سىلەرنى مەجبۇرلىشىم، بېسىم ئىشلىتىشىم خاتا بولىسمۇ، پەن - تېخنىكىنىڭ قۇدرىتىنى بىلگەچكە، مەن سىلەردىن تەشەببۇسكار بولدۇم. بېسىم ئىشلەتتىم. سىلەرمۇ كېۋەزنىڭ پەرۋىش مەزگىلىدە تېخنىك خادىملارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياخشى ئىشلەپ بەردىڭلار. كەچۈرۈم

سوراشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت قايىل بولساق، رازى بولساقلا بولدى!

ئۇنىڭ سۆزىدىن دېھقانلار ناھايىتى خۇش بولدى ۋە:

— بۇنىڭدىن كېيىن سىز نېمىنى تېرىشنى، قانداق تېرىشنى بۇيرۇسىڭىز، بىز شۇنى قىلىمىز، — دېيىشتى، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭمۇ خاپا بولماسلىقىمىزنى ئۆتۈندى.

مىجىت ئېلى يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، ئىلىم-پەنگە ھۆرمەت قىلىدىغان، دېھقانلارغا نەپ يېتىدىغان ئىش بولسا ئۆزىنىڭ قانچىلىك زىيان تارتىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر شۇ ئىشنى قوللايدىغان، شۇ ئىشنىڭ تېخنىكىلىق قائىدىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئالدىرايدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ھەر قېتىملىق دېھقانچىلىق سىناقلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن تەلەپ قىلاتتى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىشلەپچىقىرىش، سىناش جەريانىدا بارلىق قولايلىقلارنى تۇغدۇرۇپ بەرگەچكە، بىزمۇ سىناقنى شۇ يەردە قىلساق دەپ تەلەپ قىلاتتۇق.»

ئۇرۇقچىلىق شىركىتى كېيىنكى بىرقانچە يىلدا بوياقچىغىل كەنتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «چىلىگسەن»، «ۋۇدۇگمىيەن» قاتارلىق بۇغداي، كېۋەز سورتلىرىنىمۇ بوياقچىغىل كەنتىدە سىناق قىلدى. تېخنىكلارنىڭ تاماق، ياتاقلىرى يەنىلا مىجىت ئېلىنىڭ ئۆيىدە بولدى. بۇ يەردە يېتىشتۈرۈلگەن ئۇرۇقلار يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى، كېيىنچە يوپۇرغا، پەيزاۋات، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيەلەرگىمۇ كېڭەيتىلدى. كەنت ۋە شىركەت يىلىغا 500 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئۇرۇقلۇق سېتىپ پايدا ياراتتى. يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن مىجىت ئېلى 1990-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 1992-يىلى ئاپتونوم رايون

www.uyghurkitap.com

بـويىچە پەن ـ تېخنىكىنـى ئومۇملاشتۇرۇشـتىكى ئىلغـار شـەخس بولـۇپ تەقدىرلەنـدى. 1993 ـ يىلـى ئـۇ يەنە يېڭـىشەھەر ناھىيەسـىدىكى كەڭ پـارتىيە ئەزالـىرى ۋە خەلـق ئاممىسىنىڭ بىـردەك كۆرسىتىـشى بىـلەن يېڭـىشەھەر ناھىيەلىـك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ۋە ئـاپتونوم رايونلـۇق 8 ـ نۆۋەتلىـك خەلـق ۋەكىللـىرى قۇرۇلتىيىنىـڭ ۋەكىلـى بولـۇپ سايلاندى.

## يېڭىلانغان كەنت قورۇسى

1994 ـ يىـل 2 ـ ئايـدا بوياقچىغىلىنىـڭ كەنـت پـارتىيە تەشـكىلى قۇرۇلمىسـىدا يەنە بىـر قېـتىم ئـۆزگىرىش بولـدى. كەنـت پـارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى مـۇھەممەت مەمەت سالامەتلىكى ياخشى بولماسلىق، ياشىنىپ قالغانلىق سەۋەبى بىـلەن دەم ئېلىـشقا چىقتـى، ئورنىغـا مىجىـت ئېلـى ياچېيكـا سـېكرېتارى ، ئـابلىز قۇربـان كەنـت باشـلىقى بولـدى. بۇنىـڭ بىلەن مىجىت ئېلىنىڭ زىممىسىدىكى يۈك تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇ بۇنى ئېغىرلىق ھېس قىلمـايتتى، ئۇنىڭغـا شـۇنداق ئىشلەش ئادەت بولۇپ قالغىلى خېلى ئۇزاق بولغـان، ئەينـى چاغـدىمۇ ئـۇ كەنتنىـڭ پۈتـۈن ئىشىنى زىممىسـگە ئېلىـپ ئىشلەپ، ھەر تەرەپلىمە پىشقان، مۇھەممەت مەمەت ئۇنىڭغا ھەمـمە شارائىت، پۇرسـەتلەرنى يارىتىـپ بېرىـپ، ئۇنىـڭ ئاشـۇنداق پىـشىپ يېتىلىـشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانىـدى. شـۇڭا، ئۇنىڭغـا ھـېچ ئىـش ئېغىـر تۇيۇلمـىدى. ئـۇ يەنىـلا ئىـشلەشنىڭ، كەنتنىـڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشنىڭ غېمىدە چېپىپ يۈردى.

ئـۈرۈمچىگە بېرىـپ 8 ـ نۆۋەتلىـك خەلـق ۋەكىللـىرى

www.uyghurkitap.com

قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، پارتىيەنىڭ بىرلارغا قارىتقان فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان مىجىت ئېلىنىڭ تەپەككۇرىدا يەنە يېڭىچە بىر ئۆزگىرىش بولدى. ئۇرۇمچىدىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن مىجىت ئېلىنىڭ كۆز ئالدىدا كونىراپ قىڭسىيىپ قالغان، توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان كەنت ئىشخانىلىرى نامايان بولدى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي بولمايتتى، بوياقچىغىلىنىڭ يانچۇقىدا ئاز- تولا پۇل بار، ئەمما ئىشخانىلار ئەسكى چاپان كىيىۋالغان ئادەمدەك سالپىيىپ تۇرسا بولمايتتى. شۇ يىلى كەنتنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 1042 يۈەنگە يەتتى، كەنتنىڭ جۇغلانمىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئاشقانىدى.

كەنت كومىتېتى ۋە ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئىشخانا ئۆيلىرى 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا خام خىش بىلەنلا سېلىنغان بولۇپ، ئاران ئۈچ ئېغىزلا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك كونىراپ كەتكەنلىكتىن،يىلدا بىر - ئىككى قېتىم رېمونت قىلىنىسمۇ، كونىلىقىدىن توپىسى چۈشۈپ تۇراتتى. ئىلگىرى بۇ قورۇنى يېڭىلاپ سېلىش كەنتتە ئېچىلغان بىرنەچچە قېتىملىق يىغىن - مۇزاكىرىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ياساتقۇدەك پۇل بولمىغانلىقتىن تۇرۇپ قالغانىدى. ئەينى چاغدا مىجىت ئېلىمۇ : « بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز ئىشخانىدا ئەمەس، ئېتىزدا. ئىشنى كېلىپ - كېتىۋېتىپ بېجىرىمىز، ئىشخانا ھازىرچە مۇھىم ئەمەس، چىداپ تۇرايلى، كەنت قورۇسى قۇرۇلۇشىنى كەنت باي بولۇپ، پۇلى يېتىپ ئاشقۇدەك بولغاندا قىلايلى، ھازىر بار پۇلنى دەسمايە قىلىپ پۇل تېپىپ، كەنتنىڭ مالىيەسىنى كۈچەيتەيلى، پۇلنى دېھقانچىلىققا ئىشلىتىپ، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزەيلى. مېنىڭ ئويۇم، قاچان

كەنت مالىيەسى1 مىليون يۈەنگە ئىگە بولسا، شۇ چاغدا كەنت قورۇسىنى يېڭىلاش» دېگەندى.

مانا ئەمدى بوياقچىغىل كەنتى باي بولدى، مىجىت ئېلى پىلان قىلغان پۇلغىمۇ ئىگە بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنتنىڭ نامى يىراق - يېقىنغا پۇر كەتتى، ئەمدى زامانغا لايىق سۈپەت، سالاپەت بولمىسىمۇ بولمايتتى.

مىجىت ئېلى ئۈرۈمچىدىكى يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى، كەنت مەمۇرىيىتىنىڭ ھەيئەتلىرىنى يىغىپ بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۈرۈمچىدە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۇگۈنكى كۈندە ساپامۇ، سۈپەتمۇ بولمىسا بولمايدۇ. كەنت قورۇسىنى يېڭىلاپ سېلىش قاراردىن ئۆتتى، يېزىغا دوكلات سۇنۇپ تەستىق ئالدى، ئاندىن ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ لايىھەلەتتى. باش ئەتىيازدىلا كەنت قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلاندى. يىل ئاخىرىدا 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل سەرپ قىلىنغان كەنت ئىشخانىسى، يىغىن زالى، ئامبار، دوختۇرخانا، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى، مەدەنىيەت ئۆيى، باللار يەسلىسى قاتارلىق 1400 كىۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى قۇرۇلۇش پۈتتى. ئىشخانا ئىچىگە شىرە، ھاۋا تەڭشىگۈچ، كومپيۇتېرلار سەپلەندى. ھەرقايسى ئىشخانىلارغا «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس تۈزۈمى»، «كەنت باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «ياچېيكا سېكرېتارىنىڭ مەسئۇلىيىتى»، «كەنت باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتى»، «كەنت مالىيەسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «بەشتە ياخشى كەنت ئۆلچىمى»، «كەنتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىش دوسكىسى»، «بېيىغان دېھقانلارنى پارتىيەگە تەرەققىي قىلدۇرۇش تىزىملىكى دوسكىسى»، «نامرات پارتىيە ئەزالىرىنى

بېيىش ماھىرلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش دوسكىسى»، «ئىككى بەنزە خادىملىرىنىڭ ئىش ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ۋەزىپە بېكىتىش، باھالاش، ئاشكارىلاش دوسكىسى»، «ۋەزىپىسى پارتىيە ئەزالىرىنى ئىش ئورنىغا قويۇش، ۋەزىپە بېكىتىش، باھالاش دوسكىسى» قاتارلىقلار يوپۇشتۇرۇلدى ھەمدە بۇ تۈزۈملەر ئارقىلىق كەنت باشقۇرۇشنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كەنت قورۇسىدىكى ئىشخانىلارنىڭ سىرتى چىنە خىش بىلەن بېزىلىپ، قورۇ ئىچى ۋە سىرتىنىڭ كۆكەرتىلىشى ياخشى ئىشلىنىپ، ھەر كىم تەلپۈنگۈدەك رۇخسارغا ئىگە قىلىندى.

كەنتنىڭ يېڭى قورۇسى يېڭىچە قىياپەت بىلەن يۈز ئاچتى. ئۇنى كىم كۆرسە، «بۇ ھەقىقەتەن بېيىغان كەنت ئىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلمەي قالمايتتى. بوياقچىغىل كەنتىنىڭ قورۇسى شۇنىڭدىن كېيىن يەنە نەچچە قېتىملىق يېڭىلىق ۋە خۇشاللىقلارنى كۈتۈۋالدى. 2006-يىل 5-ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن بوياقچىغىلنى تەكشۈرگەندە، ئۆز قولى بىلەن «يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. مىجىت ئېلى كەنت قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئابىدە سۇپىسى ياساپ، سۇپىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قىلىپ، بۇ خەتنى ئالتۇن ھەل بىلەن نەقىشلەپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قاپارتما شەكىلدە قىلىنغان خەت ئۈستىگە بېرىلگەن ئالتۇن ھەل قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرىدىغان بولدى. بوياقچىغىل كەنتىنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇلدى.

# چەكسىز ھايات

1994 ـ ، 1995 ـ يىللىرى ئۇدا ناھىيە ۋە ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇپ تەقدىرلەنگەن مىجىت ئېلى1996 ـ يىل 6 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە 12 نەپەر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ بىرى بولۇپ، بېيجىڭغا ـ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى تەلپۈنىدىغان ئۇلۇغ پايتەختكە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. ھاياجاندىن ئۇنىڭ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيتتى. مىجىت ئېلى «بۇ چۈشۈم بولۇپ قالمىسۇن يەنە» دەيتتى كۆڭلىدە. بۇ خۇش خەۋەرنى بوياقچىغىلغا ئېلىپ كەلگەن ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىنى كۆرگەندىلا ئۇنىڭ چېھرىدە شادلىق، پەخىرلىنىش، رازىمەنلىك ئەكس ئەتتى.

— سىزنى تەبرىكلەيمىز ! — دېدى ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن مىجىت ئېلىغا قاراپ، — سىز مەملىكەت بويىچە 12 نەپەر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ بىرى بولدىڭىز، بۇ قانچىلىك قۇتلۇقلىساق بولىدىغان شەرەپ. سىز نامرات بىر كەنتنى باي كەنتكە ئايلاندۇردىڭىز. بۇ زور تۆھپە، مانا ئەمدى جاپالىق ئەجرىڭىزنىڭ نەتىجىسى چىقتى.

— رەھمەت، رەھمەت، سىلەرگە رەھمەت، مېنى مۇشۇنداق كۆتۈرگەن يەنىلا سىلەر، سىلەر كۆتۈرمىگەن بولساڭلار، مېنى كىم بىلىدۇ؟ مەن ئالدى بىلەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا پارتىيەگە، ھۆكۈمەتكە رەھمەت

ئىبيتمەن. پارتيه، هۆكۇمەتنىڭ ماڭا شەرەپ بەرگىنىنى ماڭا ئىشەنگىنى! ماڭا كەلگەن شان - شەرەپ خەلقىنىڭ شان - شەرىپى! بۇ شەرەپنى بىزنىڭ مۇشۇ زېمىندىكى مېھنەتكەش خەلق قولغا كەلتۈرگەن. مەن مۇشۇنچىلىك دېيەلەيمەن!

مىجىت ئىلى بەكلا هاياجانلاندى. ئۆزىنى تەبرىكلەپ سۇنۇلغان قوللارنى چىڭ سىقتى. ئۇنىڭ چوڭ قوي كۆزلىرىدىن شادلىق ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى. بۇ بەختلىك مىنۇت بوياقچىغىل كەنتىگىمۇ ئاجايىپ شادلىق ئېلىپ كەلدى. مىجىت ئىلىنىڭ قولىنى سىقمىغان، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى.

— كومپارتىيە ياشىسۇن !

— سوتسيالىزم ياشىسۇن !

بۇ قۇتلۇق خەۋەر شۇ سائەتتە پۈتۈن يېزىغا، ناھىيەگە، ھەتتا ۋىلايەتكە پۇر كەتتى. مىجىت ئىلىنىڭ مەملىكەت بويىچە 12 نەپەر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ بىرى بولغانلىق خەۋىرىگە تەرەپ - تەرەپتىن ئالقىشلار ياغدى. بۇ ھەقتىكى ئىشلار گېزىت - ژۇرنال، رادىيولاردا تونۇشتۇرۇلدى. مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى سەپلەردە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ كۈرەش قىلىۋاتقان، قان - تەر ئاققۇزۇۋاتقان مىليونلىغان كومپارتىيە ئەزالىرى ئىچىدىن بىرلا مىجىت ئىلىنىڭ بۇ شەرەپكە نائىل بولۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن ھاياجانغا سالاتتى.

كەچتە مىجىت ئىلى كەنتتە يىغىن ئاچتى، ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇخلىماي ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرۇشقانىدى. قىزى پاتىگۈل، ئاتىگۈل، نۇرىمانگۈل، ئامانىسا، ئوغلى ئابدۇغېنىلار بەكمۇ ھاياجان ئىلكىدە كۈتۈپ تۇرۇشاتتى:

— دادا، راستىنلا بېيجىڭغا بارامدىكەنسىز ؟
— ھەئە، بارىدىكەنمەن!
— باش شۇجى جياڭ زېمىن بىلەن كۆرۈشەمسىز ؟
— ئەلۋەتتە كۆرۈشىمەن.

— سىلىنىڭ جاپالىرىنى پارتىيە - ھۆكۈمەت بىلىپتۇ، — دېدى مىجىت ئېلىنىڭ ئايالى ئايتىللاخان تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا.

مىجىت ئېلى قاتتىق ھاياجانلاندى، شەرەپ تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى، كېچىچە كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزدى.

1974 - يىلىدىن بۇيان مەھەللە باشلىقى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى، كەنت باشلىقى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى دېگەندەك خىزمەتلەر بىلەن 22 يىلنى ئۆتكۈزگەن مىجىت ئېلى ھەربىر مۇساپىنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتى. مىجىت ئېلىنىڭ خىزمەت ھاياتىدا كەنت خەلقى ئۈچۈن بۇنداق ئۇخلىماي ئاتقۇزغان تاڭلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئۇ قانداق شەرەپلەرگە ئېرىشسۇن، ھامان ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنى ئاز، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ بەرگەنلىرىنى كۆپ دەپ قارايتتى. يەنە ئىشلەشكە، يېڭى نەتىجە يارىتىشقا تىرىشاتتى. مانا بۈگۈن شۇ تىرىشچانلىق ئۇنى يۈكسەك شەرەپكە نائىل قىلدى.

مىجىت ئېلى بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتى. كەنت خەلقى ئاجايىپ داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئايرودۇرۇمغىچە ئۇزىتىپ باردى. ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى قىزغىن كۈتۈۋالدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مىجىت ئېلىنى

قوبۇل قىلىپ تەبرىكلىدى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.

ئۇلۇغ پايتەخت بېيجىڭ بەستلىك كەلگەن، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن، گۆھەر زېمىن شىنجاڭدىن، يەنى تەكلىماكاننىڭ غەربىي قىرغىقىدىن كەلگەن بۇ ئاساسىي قاتلامنىڭ جاپاكىشىنى قىزغىن، خۇش پېئىللىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئازسانلىق مىللەت پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى — بوياقچىغىلنىڭ باتۇر ئوغلانى مەجىت ئېلىنى قوينىغا ئالدى. مەجىت ئېلىنىڭ خۇشاللىقىنى تەسۋىرلەپ بولمايتتى. ئۇ ھەربىر نەرسىگە ئاجايىپ زوقمەنلىك بىلەن قارايتتى. تيەنئەنمېن مەيدانى ئۇنىڭغا ۋەتەننىڭ شۇ قەدەر پاساھەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلەتسە، نەچچە مىڭ پەلەمپەي بىلەن كۆككە ئۆرلىگەن، يىراقتا سوزۇلغان سەددىچىن سېپىلى ۋەتەننىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

1996 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مەجىت ئېلى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 12 نەپەر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بىلەن جۇڭنەنخەينىڭ خۇەيرېنتاڭ زالىدا باش شۇجى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر يىگىتى مەجىت ئېلى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى، بېشىنى لىڭشىتىپ رازىمەنلىكىنى بىلدۈردى. مەجىت ئېلىنىڭ باش شۇجىنىڭ قولىنى تۇتقان قولى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ :

— باش شۇجى، ياخشىمۇسىز؟ — دېيەلىدى.

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىدىكى يولداشلار باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يولىيورۇقى بويىچە مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولغان 12 نەپەر يولداشنى بېيجىڭ سانائەت رايونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىدى. مىجىت ئېلى بېيجىڭ سانائەت رايونىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇ بۇ چاغدا مۇنداق تەكلىپ بەردى: «مېنىڭ بۇ يەردە يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنى كۆرگۈم بار. چۈنكى، بىزنىڭ ئۇ يەرلەر نامرات يېزا ئىگىلىكى رايونى،بىزنىڭ بېيجىڭدىكىدەك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىمىز يوق. بىز بۇ يەردە يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنى كۆرسەك، ياخشى تەجرىبە توپلىساق، ئۆگەنسەك بولاتتى.» مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىدىكىلەر مىجىت ئېلىنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ:

— بولىدۇ، بۇ ئارزۇيىڭىزنى قاندۇرۇشقا بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇلار بېيجىڭ سانائەت رايونىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بېيجىڭنىڭ فاڭشەن رايونىدىكى يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، پارنىك سەي ـ كۆكتاتچىلىق تەرەققىيات رايونلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. مىجىت ئېلىنىڭ ئارزۇسىمۇ ئەمەلگە ئاشتى. فاڭشەندىكى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، سەي ـ كۆكتاتچىلىق بازىسى مىجىت ئېلىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ئۇ كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ بوياقچىغىلدا قىلغانلىرى بىلەن بۇ يەردىكى ئىشلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۆزىنى ھېچ ئىش قىلمىغاندەك، بۇ شان ـ شەرەپكە لايىق ئەمەستەك ھېس قىلدى. فاڭشەندىكى زامانىۋى يېزا ئىگىلىك، زامانىۋى چارۋىچىلىق، زامانىۋى كۆكتاتچىلىق مىجىت ئېلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇردى، دىلىنى يورۇتتى، كۆزىنى ئاچتى. مىجىت ئېلى بېيجىڭدىن كەلمەي تۇرۇپلا بوياقچىلىققا بارغاندىن كېيىن قىلماقچى بولغان نۇرغۇن ئىشلىرىنى بىرلا بىرلەپ كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەرەققىياتتىن ئىبارەت بىر ئۇلۇغ سىيما تېخىمۇ چىڭ ئورنىدى، دىلىدا بولسا شۇنداق بىر كۈي تېخىمۇ كۈچلۈك جاراڭلاشقا باشلىدى.

## مائارىپ — بوياقچىلىقنىڭ بايلىقى

مىجىت ئېلى كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، بورداقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇرۇق سورتلىرىنى سىناق قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ئىلمىي تېرىقچىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش داۋامىدا پەن - تېخنىكىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى تونۇپ يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللىنىشتا مائارىپقا تايانماي بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش، سوتسىيالىستىك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا مائارىپنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. مۇشۇ ئىشلار قاتارىدا جاڭ شۆ شياڭنىڭ كۆكتات تېرىش تېخنىكىسى، سۇلتان مامۇتنىڭ بۇغداي ۋە كېۋەز ئۇرۇقلىرىنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى قاتارلىقلاردىن بىلىمنىڭ، پەن - تېخنىكىنىڭ، مائارىپنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ بېيجىڭدا كۆرگەن تەرەققىياتلارنىڭمۇ مائارىپتىن كەلگەنلىكىنى تونۇغانىدى. ئۇ مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىغىنىدا، ئۆزىنىڭ كۆپ ئوقۇيالمىغىنى، يەنە نۇرغۇن

كىشىلەرنىڭمۇ ياخشى ئوقۇيالمىغىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ مەيلى كىم بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن بالىلىرىنى ياخشى ئوقۇتۇشى، كىم كەنت رەھبىرى بولسۇن، ئۆز يۇرتىدىكى ھەربىر بالىنى ياخشى ئوقۇتۇشى كېرەك، شۇ چاغدىلا دېھقان قەد كۆتۈرەلەيدۇ. دېھقانمۇ بىلىملىك، ئەقىللىق بولۇشى، ھەربىر ئىشنى بىلىپ قىلالايدىغان، ۋايىغا يەتكۈزۈپ، سىرىنى ئېچىپ تۇرۇپ قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك، بۇ مائارىپ ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، دەيتتى.

1996- يىلىغا كەلگەندە كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 1042 يۈەنگە يېتىپ، 1978- يىلىدىكى 42 يۈەنگە قارىغاندا 24 ھەسسە ئېشىپ، باي كەنتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم دېھقانلاردا بالىلارنى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغۇچە قوي - كالا باقتۇرۇپ، پۇل تاپقان تۈزۈك، دېگەن قاراش شەكىللىنىپ قالدى ۋە بالىلارنى ھە دېسە، مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىغان خاھىش پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا مىجىت ئېلى ئۆيمۇئۆي بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلىدى. ئۇ بارغانلا ئۆيدە: «كەنتىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ كۆپ قىسمى ساۋاتسىز، خەت تونۇمايدۇ. ئاشلىق، پاختا ساتقان تالوننىڭ قايسى ئاشلىقنىڭ، قايسى پاختىنىڭ ئىكەنلىكىنىمۇ ئايرىپ بېرەلمەيدۇ. مانا بۇ ئوقۇمىغاننىڭ زىيىنى. كۆكتات تېرىش، پەرۋىش قىلىش، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، كېۋەز مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھازىر پەن - تېخنىكىنىڭ، بىلىمنىڭ كۈچى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، بىلىم بولمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن كۈن كەچۈرگىلى بولسىمۇ، لېكىن ياخشى كۈن كەچۈرگىلى بولمايدۇ. سىلەر كۆز

www.uyghurkitap.com

ئالدىڭلاردىكى ئازغىنا مەنپەئەتنى كۆزلىسەڭلار بولمايدۇ. بالىلىرىمىز ئوقۇسا كادىر بولامتى دەيسىلەر، بۇ ئەڭ قاملاشمىغان گەپ. نۇرغۇن ئۇلۇغ ئادەملەر يېزىدىن چىققان. بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئۇلۇغ بولۇپ كەتمىسىمۇ، كەنتىمىزنىڭ، يېزىمىزنىڭ بىلىملىك، يارامىلىق ئادەملىرى بولالىسا، بۇ بىزنىڭ كۆتكىنىمىزدەك ئىش بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۆزى كادىر بولغاندىن ئەۋزەل. بالىلارنى ئوقۇتايلى. ئۇلار بىزگە ئوخشاش كەتمەن چېپىپ نان يەيدىغان ئەمەس، گەپ قىلىپ، تېخنىكىسىنى ئىشقا سېلىپ نان تېپىپ يەيدىغان جاڭ شۆشياڭدەك بولسۇن! » دەيدۇ.

ئۇ رەھبەر بولغاندىن تارتىپلا مائارىپ ئىشلىرىنى باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇنغا قويدى. شۇڭا ئۇ ھەمىشە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، مەھەللىلەردە بالىلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنىڭ پېيىدە يۈرەتتى. ئۇ ھەپتىدە بىر - ئىككى نۆۋەت كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە كىرەتتى، ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنى يوقلاپ، مەكتەپ رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش ئەھۋالى، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ھەمدە مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىكى قاتارلىقلارنى سۈرۈشتە قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى سوراپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر بولسا ۋاقتىدا ھەل قىلاتتى. مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بىرىپ، ئاتا - ئانىسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ يولسىز شەرتلىرىنى كەسكىن رەت قىلىپ، بالىنى مەكتەپكە ماڭدۇراتتى، كېيىن ئۇ بۇ ئىشتا تۈزۈم ۋە تەدبىر بېكىتىپ قاتتىق ئىجرا قىلدى ھەمدە ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالا ئوقۇتۇشتىكى قاتماللىقىنى تەلتۆكۈس يوقاتتى.

مىجىت ئېلى كەنت باشلىقى بولغاندىن باشلاپلا كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ياردەم قولىنى سۇنۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ بىرقانچە يىلدىلا ئۆز يېنىدىن 26 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل سەرپ قىلىپ مەكتەپكە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، نامرات ئوقۇغۇچىلارغا كىيىم-كېچەك، كىتاب-دەپتەر ئېلىپ بەردى.

مىجىت ئېلى ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ ياخشى ئىشلىگەن، تۆھپىسى ئالاھىدە بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاشنى ئۆزۈپ قويمىدى. قىش كۈنلىرى ھەربىر ئوقۇتقۇچىغا 500 كىلوگىرامدىن كۆمۈر ياردەم قىلدى. كەنت مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلارغا دۆلەت بەرگەن ئىش ھەققىدىن باشقا، ھەر ئايدا كەنت مالىيەسىدىن 30 يۈەندىن تولۇقلىما بەردى. ھەر يىلى8- ئاينىڭ 14- كۈنىنى«ئوقۇغۇچىلارغا يوللۇق تۇتۇش كۈنى» قىلىپ بېكىتىپ، ياشلارنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەپ ئوقۇشىغا ئىلھام بەردى. شۇنداق كۈنلەردە بوياقچىغىلىنىڭ كەنت قورۇسى لىققىدە ئادەم بىلەن تولاتتى. داقا-دۇمباقلار چېلىناتتى، ناخشا- ئۇسسۇل ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى. ئالىي مەكتەپلەرگە، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرىنىڭ مەيدىلىرىگە قىزىلگۈللەر تاقىلاتتى. ھەربىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا كەنت مالىيەسىدىن 1000 يۈەن، ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ھەربىر ئوقۇغۇچىغا 500 يۈەندىن ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىلەتتى. ناھىيەگە كىرىپ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللىق كىرىپ-چىقىش كىرا چىقىمى بېرىلەتتى. «ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىش كۈنى» پائالىيىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا قىلىنغان ياردەم پۈتۈن كەنت خەلقىنىڭ شادلىقىنى ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى. مەيدىسىگە

www.uyghurkitap.com

قىزىلگۇل تاقىغان ئاتا ـ ئانىلار يۇرتداشلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئارىسىدا پەخىرلەنسە، ياخشى ئوقۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار كەنتىنىڭ بۇ خىل غەمخورلۇقىدىن سۆيۈنەتتى. بۇنى كۆرگەن تۆۋەن يىللىقلاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ باللىرىنى ياخشى ئوقۇشقا ئۈندەيتتى، باللارمۇ ياخشى ئوقۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ گۈل تاقاشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. بوياقچىغىل كەنتى مۇشۇ خىل ئوقۇتۇش، ئوقۇشقا ياردەم بېرىش داۋامىدا بۇ تۆرگە 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل سەرپ قىلدى.

مىجىت ئېلىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىقى بىلەن بوياقچىغىل كەنتىدە ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى% 100 بولۇش، كەنت مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشى ھەر يىلى 100% بولۇش، بوياقچىغىل كەنتىدىن يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى 100% بولۇش ئىشقا ئاشتى. بوياقچىغىلدىن ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇشقا بارىدىغان ئوقۇغۇچى يىلدىن-يىلغا كۆپەيدى. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش جەھەتتە بوياقچىغىل يېزا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

مانا بۈگۈن بۇ كەنتتىن چىققان كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسى جايلاردا ئىشلەپ، پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن، بوياقچىغىلنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇپ كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. بوياقچىغىل ئۇلاردىن پەخىرلىنىدۇ، ئىپتىخارلىنىدۇ!

# ھەممە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن

مجىت ئېلى بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. كەنتكە كېلىدىغان رەھبەرلەر، ئېكسكۇرسىيەچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.ئۇلارنىڭ مۇددىئا ـ مەقسىتى مجىت ئېلىنىڭ قانداق قىلىپ نامرات كەنتنى باي كەنتكە ئايلاندۇرغانلىق تەجرىبىسى، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشتىكى ئىلغارلىقنى بىلىش، ئۆگىنىش ئىدى. بۇ ئىشلار قاتارىدا يەنە ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا بارىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىش تۈزۈمنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى يېڭى ئىشمۇ بار ئىدى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشقا بەكلا قىزىقتى، بۇ ھەقتە شۇنچىلىك قېتىرقىنىپ سورايتتى، يازاتتى،ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈسى كېلەتتى. بىراق، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا، كۆرسەتكۈدەك تۈزۈكرەك دىدارى يوق ئىدى. كەنت قورۇسىنىڭ يېنىدىكى20ـ ئەسىرنىڭ 70ـ يىللىرىدا خام خىش بىلەن سېلىنغان ئۈچ سىنىپ، بىر ئىشخانا سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كونىراپ كەتكەن ھالەتتە تۇراتتى. مجىت ئېلى بۇنىڭغا قاراپ تۇرسا بولمايتتى، ئۇ:« مەكتەپ ھەركىمگە ۋىللىدە كۆرۈنىدىغان جاي بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلىدى. ئۇ بەزىدە «بوينىنى قىسىپ» تۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپكە قاراپ ئېغىر تىنىپ قوياتتى. ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە بېيىش ئۈلگىسى بولغان كەنتنىڭ مەكتىپى مۇشۇنداق تۇرسا، ئۇلارنى بېيىدى، مائارىپنى قوللىدى دېگىلى بولامدۇ؟

www.uyghurkitap.com

1997 ـ يىلى شىاڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 100 يىللىق ئار ـ نومۇسى يۇيۇلدى. ھەممىلا جايدا ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن بۇ قۇتلۇق كۈننى كۈتۈۋېلىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە، بوياقچىغىلنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇلۇشىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىمۇ باشلاندى. كەنت مالىيەسىدىن 460 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلىپ يېڭىدىن ئىككى قەۋەت قىلىپ سېلىنغان بۇ مەكتەپ قورۇسىدا ئۆلچەملىك سىنىپ، ئىشخانا، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۆيى، تەجرىبىخانا، ئاشخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئورنى، تەنتەربىيە مەيدانى بار ئىدى. سىنىپ، ئىشخانىلىرى پار بىلەن ئىسسىتىلاتتى. سىنىپ، ئىشخانىلارنىڭ جوزا ـ ئورۇندۇقلىرىمۇ يېڭىدىن سەپلەندى.

مەكتەپ قورۇسى پۈتكەن كۈنى بوياقچىغىل كەنتى ئاجايىپ شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى. مەكتەپ قورۇسى پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەپ چېلىنغان داقا ـ دومباق ساداسى بوياقچىغىلنىڭ ئاسمىنىنى لەرزىگە سالدى. تەبرىكلەش مۇراسىمىغا كەلگەن ناھىيە، يېزا مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى مەكتەپنى كۆرگەندىن كېيىن تولىمۇ سۆيۈندى، ئۇلار مجبت ئېلىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن كەنت باشقۇرۇپ، يېزا مائارىپى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىنى قۇتلۇقلىدى. ئۇنىڭ دۆلەتكە تايىنىۋالماي، ئۆز كەنتىنىڭ مەكتەپ قورۇسىنى يېڭىلاپ سېلىش، بوياقچىغىل پەرزەنتلىرىنى ياخشى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە ئاپىرىن ئېيتىشتى.

مەكتەپنىڭ يېڭى قورۇسىنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلەش

مۇراسىمغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق نۇرى جىلۋىلىنەتتى. ئۇلار شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكى بىلەن كەنتتە يېڭى مەكتەپ سېلىنغانلىقىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى. مىجىت ئېلىنىڭ يەنە بىر پىلانى بار ئىدى. ئۇ بۇ پىلانىنى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە، مائارىپ تارماقلىرىدىكى يولداشلارغا تەكرار دېدى. بىر قېتىم ئۇ يېزا باشلىقىغا:

— مەن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى بىلمەي بەك قىينالدىم، ھەر قېتىم باشقا ۋىلايەتكە، ئۈرۈمچىگە، بېيجىڭغا يىغىنغا، ئېكسكۇرسىيەگە بارسام، تىل ئۇقماي ئىچىم سىقىلىدۇ، بۇ كۆن كېلەچەكتە باشقىلارنىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ. شۇڭا، مەن كەنتىمىزدە خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتىدىغان بىر سىنىپ پەيدا قىلايمىكىن دەيمەن، — دېگەنىدى، يېزا باشلىقى ئۇنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يېڭى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئوقۇش باشلانغاندا «قوش تىل» ئوقۇتۇش سىنىپىدىن بىرنى تەسىس قىلدى. مانا بۇ قەشقەر ۋىلايىتى تارىخىدىكى كەنت دەرىجىلىك تۇنجى «قوش تىل» ئوقۇتۇش سىنىپى بولۇپ قالدى. بۇ ۋىلايىتىمىز بويىچە تۇنجى ئىش بولۇپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ۋە ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى.

مىجىت ئېلىنىڭ ئىلىم سۆيەرلىكى، ئالدىن كۆرەرلىكى مۇئەللىپنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭۈل بەتلىرىگە مۇنداق مىسرالار تىزىلدى:

ياراشقان شان - شەرەپ ساڭا ئەي مىجىت،
ھاياتقا مىڭ پاتمان بەرگەچ كۈچ - قۇۋۋەت.
سەن سالغان ئۇرۇقتىن ئېچىلدى غۇنچە،
ئۆچمەيدۇ ئىزىڭدا نۇر ۋە ھىدايەت!

www.uyghurkitap.com

# ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق

## ئەنگە كەلگەن ئەندىزە

بوياقچىغىلدا كەنت يوللىرى ياسالغاندىن كېيىن، دېھقانلارمۇ، باشقا جايلاردىن كەلگەن رەھبەر، مېھمانلارمۇ سۆيۈنگەنىدى. 1994 ـ يىلىدىن كېيىن كەنت نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. قولى پۇل كۆرگەن دېھقانلارنىڭ ئەمدى پىششىق خىشلىق ئۆي سېلىشى تەشەببۇس قىلىندى. مىجىت ئېلى ھەممە ئۆيلەرنى بىر خىل شەكىلدە، كۆپ خىل ئۆلچەمدە سېلىشنى، سۇ، توكلىرى يۈرۈشلەشكەن بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىن باي بولغان بىر قىسىم دېھقانلار كونا، خام كېسەك ئۆيلىرىنى چېقىپ تاشلاپ، بىر تۇتاش لايىھەلەنگەن كەڭرى ، ئازادە ئۆيلەرنى سېلىشقا باشلىدى. بۇ ئۆيلەر مەھەللىلەرنى ئاساس قىلىپ يول بويىغا قاتار قىلىپ سېلىنغانلىقتىن، يەنە بىر يېڭى مەنزىرە بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئەينى يىللاردا مىجىت ئېلى ئوپال يېزىسى ۋە پەيزاۋات ناھىيەسىدە قاتتىق يەر تەۋرىگەندە، نەق مەيدانغا بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. شۇڭا ئۇ يېڭىدىن سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئۇلىغا پۇختا ئىشلەش، پىششىق خىشنى سۇغا تويۇندۇرۇش، توپا ـ قۇمغا سېمونتنى ئۆلچەملىك ئارىلاشتۇرۇش توغرىسىدا تەلەپنى قاتتىق قويدى. شۇنىڭ

بىلەن پىلان بويىچە 1995 ـ يىلى ئاز بىر قىسىم ئالدىن بېيىغان دېھقان ئاھالىسى، 1996 ـ يىلى كەنت ئاھالىسىنىڭ يېرىمى، 1997 ـ يىلى كەنت ئاھالىسىنىڭ زور كۆپ قىسمى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقتى. بوياقچىغىلدا يېڭىچە ئولتۇراق ئۆي ئەندىزىسى بارلىققا كەلدى. ئاھالىلەرنىڭ ئىچىملىك سۈيى، ئېلېكتىر توكلىرى يۈرۈشلەشتى، تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئورۇنلىرى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش مەكتىپى قۇرۇلدى. ئاھالىلەرنىڭ ئىچىملىك سۈيى، ئېلېكتىر توكلىرى يۈرۈشلەشتى، تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئوڭايلاشتى. تۇرمۇش قولايلاشتى.

شۇ چاغدا يەنە ھېلىقى 88 نامرات ئائىلىدىن بىر قىسمى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقالمىدى. يېڭى ئۆيلەر كەنتكە ھۆسن قوشقان بولسا، ئىنتىزلىقنىڭ ئۆيەر-بۇيېرىدە قېپقالغان، ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قالغان كونا ئۆيلەر كەنتنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، يەرلەرنى سالالاشتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزدى. پەيزاۋاتنىكىدەك يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بېرىپ قالسا، ئەڭ ئاۋۋال ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغىنى شۇ كونا ئۆيلەر، ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىغىنى شۇ ئاجىز، مېيىپ، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار بولاتتى.

مىجىت ئېلى ئۇلارنىڭ ئۆي سېلىش مەسىلىسىدە كەنت خىش، سېمونت ياردەم قىلىش، ياغاچ، بورا، قومۇشلارنى پارتىيە ئەزالىرى ياردەم قىلىش، كەنت ئەزالىرى «خالىس ئەمگەك كۈنى» دە ئىشلەپ بېرىش، تامچى، ياغاچچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆي ئىگىسى بېرىشتەك ياردەم تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 30 نەچچە ئائىلىنىڭ ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. مىجىت ئېلى ئىككى ئائىلىنىڭ ئۆيىنى ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ سېلىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، ھازىر رايونىمىزدا يولغا قويۇلۇۋاتقان ۋە جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئولتۇراق

www.uyghurkitap.com

ئۆي سېلىش» تىن ئىبارەت ئەل رايى قوزغىلىشى بوياقچىغىل كەنتىدە1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلگە ئېشىپ، بوياقچىغىل كەنتى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆيلەر رەتلىك، بىر خىل ئۆلچەمدە، يەر تەۋرەشكە چىدامىلىق قىلىپ سېلىنغان، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا ئەندىزىسىنى يەنە بىر قېتىم ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن تۇنجى كەنت بولۇپ قالدى. رەتلىك، بىرخىل ئۆلچەمدە سېلىنغان ئۆيلەرگە قاراپ بوياقچىغىللىقلار پەخىرلەنسە، سىرتتىن كەلگەنلەر بۇ ئۆيلەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. بەزىلەر!

— مىجىت ئېلى ھەققەتەن پاراسىتى بار ئادەم ئىكەن، ئەقلىگە باركاللا، — دېسە، يەنە بەزىلەر:

— بوياقچىغىللىقلارنىڭ باي ئىكەنلىكى مانا ئەمدە ئۆزىنى كۆرسىتىپتۇ، — دېيىشتى.

مىجىت ئېلى زامانىۋى تۇرمۇش شەكلىنىڭ تۇنجى بىخلىرىنى بوياقچىغىلدىن ئىبارەت مۇشۇ زېمىندا چوقۇم بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى. نۇرغۇن نەرسە ئالدى بىلەن يېزىدا مەۋجۇت بولىدۇ، ئاندىن ئۇ شەھەرگە مەركەزلىشىپ، قېلىپلىشىپ، ئۆلچەمگە كېلىدۇ، بۇ شارائىتقا باغلىق. بىزدە شارائىت يېتەرسىز، بىراق شەھەردە قىلغان ھەرقانداق ئىشنى كىچىككىنە بولسىمۇ يېزىدا قىلغىلى بولىدۇ، تەرەققىي قىلدۇرغىلىمۇ بولىدۇ دەپ قارايتتى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شارائىت نۇرغۇن نەرسىنى چەكلەپ تۇرسىمۇ، ئۇنى بويسۇندۇرغىلى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. مىجىت ئېلى مانا مۇشۇنداق قىلغان ئادەم. ئۇ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق، ناچار شارائىتنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس ھالدا ئۆزگەرتتى. بۇ جەرياندا

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا تاياندى ۋە باشقىلاردىن ئۈلگە، ئىلھام ئالدى. سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئۇ كۆپ تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىنى، ئېھتىياجىنى چىقىش قىلدى، پۇرسەت ۋە شارائىتنى تەتبىقلىدى. كەنتىنىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى پۈتكەندىن كېيىن، توك تارقىتىش شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، يېڭى ئۆيلەرگە توك تارتقۇزدى. تېلېگراف شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەممە ئۆيگە تېلېفون ئورناتقۇزدى. بۇ ئىش بىلەن بوياقچىغىل كەنتىدە جىنچىراغ يوقالدى، ئۆي - ئۆيلەردە خۇش خەۋەر، سودا - سېتىق ئۇچۇرلىرى قايناندى. بوياقچىغىلنىڭ يېڭى يېزا بەرپا قىلىش ئەندىزىسى يىراق - يېقىندىكىلەرنىڭ كۆرۈش نۇقتىسى، ئەندىزە ئالىدىغان نۇقتىسىغا ئايلاندى.

## خەير - خوش، قۇرتلۇق كۆللەر

مىجىت ئېلى كەنتىنىكى ئۆيلەرنى يول بويىغا يۆتكەپ، يېڭىلاپ سېلىپ بولغاندىن كېيىن، كەنت يوللىرىنى ئاسفالتلاشتۇرۇپ ياساشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

بوياقچىغىلدا سۇ ئادەمنىڭ قېنى بىلەن باراۋەر ئىدى. كۆللەرگە قاچىلىنىۋېلىنغان سۇنى ئادەم بىلەن ھايۋانلار تەڭ ئىچەتتى. ئۇ سۇمۇ يەنە بىر قېتىم سۇ نۆۋىتى كەلگۈچە ئاران يېتەتتى. بەزىدە كۆللەر قۇرتلاپ، قۇرۇپ كېتەتتى. ئۆيلەرنى يېڭىدىن سېلىپ، توك چىراغلارنى يېقىپ، تېلېفونلارنى ئورنىتىپ قويغان بىلەن، ئۇ ئۆيلەردە تۇرۇبا سۈيى يوق ئىدى.

مىجىت ئېلى چوڭقۇر ئويلاندى. ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. ھەرقايسى

جايلاردىن كېلىپ كۆرۈپ كېتىپ بارغان، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا ئەندىزە بولغان بۇ ئويلەردە سۇ تۇرۇبىسى، ئىچىدىغان سۇ بولمىسا قانداق بولىدۇ؟.

مىجىت ئېلى كەنتكە قۇدۇقتىن بىرنەچچىنى كولىتىش ئۈچۈن تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن يەر ئاستى سۈيىنى ئېنىقلاتقۇزدى، بۇنىڭدا ئۈمىد زور بولۇپ، يەر ئاستى سۈيى مول، تاتلىق بولۇپ چىقتى. ئۇ ناھىيەلىك سۇ ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ 970 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ كەنتكە بىر كۆز قۇدۇق قازدى ۋە كەنت تارىخىدىكى تۇنجى سۇ مۇنارىنى ياساتتى. كەنتتە ئېگىز سۇ مۇنارى قەد كۆتۈردى. بۇ مۇنار ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ قەد كۆتۈرگەن بوياقچىغىلدىكى ئىشچان ئوغۇل - قىزلارنىڭ قەددىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. ئائىلىلەرگە تۇرۇبا ئەكىرىش ئۈچۈن تۇرۇبا ئورىكى شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن كولاندىكى، قۇرۇلۇش باشلانغان كۈنى بوياقچىغىلدا يەتتە ياشتىن 70ياشقىچە ھەممە كىشى قولىغا كەتمەن، گۈرجەك ئېلىپ تۇرۇبا ئورىكى كولىدى. ھېچ كىشى ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى. قاينام - تاشقىنلىق ئەمگەك مەنزىرىسى مىجىت ئېلىنى ئىنتايىن خۇش قىلىۋەتتى.

ئىككى ھەۋەتلىك كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان بۇ سۇ مۇنارى خانئېرىق بازىرى بوياقچىغىل9 - كەنتى بىلەن11 - كەنتتىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان 400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا چەكسىز ئىلھام بەخش ئەتتى. ئۇلارنى ياخشى ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلغان مىجىت ئېلىنىڭ ئەينى يىللىرى قىلغان«بىزنىڭ ئىشچان قولىمىز بار» دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى.

شۇنداق قىلىپ مىجىت ئېلى كەنتتە قۇدۇق قازدۇرۇپ، سۇ مۇنارى ياسىتىپ، ئائىلىلەرگە سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىپ، كەنتتىكى 272 ئائىلىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى بىراقلا ھەل قىلىپ، بوياقچىغىللىقلارنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد لاي سۇ، كۆل سۈيى، توختام سۇلارنى ئىچىپ كەلگەن تارىخىغا خاتىمە بەردى. بوياقچىغىللىقلار پاكىز سۇ ئىچەلەيدىغان، شۇنداقلا بۇ سۇدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشنى قۇلايلاشتۇرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولدى. سۇدىن ئىبارەت جان تومۇر ئاساسى بوياقچىغىل دېھقانلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا پاكىزلىق، جاسارەت ۋە پاراسەت ئاتا قىلدى.

## راۋان، راۋان،يوللار راۋان!

بوياقچىغىلنىڭ يوللىرى توپىلىق يول ئىدى. كەنتكە سۇ كەلگەن ھامان ھەممە كىشى ئىشىك ئالدىلىرىغا سۇ چاچاتتى. سۇ سىڭىپ بولۇشى بىلەن توپا يەنە ئۆرلەيتتى. توپىلىق يول بوياقچىغىلنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان يەنە بىر ئامىل ئىدى. كەنت ئاھالىلىرىگە ئىچىملىك سۇ تۇرۇبا ئورەكلىرى كولىنىپ، تۇرۇبا كۆمۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، مىجىت ئېلى كەنت يوللىرىنى ئۆلچەملىك ئاسفالتلاشتۇرۇش ئىشىغا ئاتلاندى. بوياقچىغىل خەلقى بۇ قۇرۇلۇشقىمۇ ئاكتىپ قاتناشتى. يولنىڭ ئېگىز يەرلىرىنى ئېلىپ، پەس يەرلىرىنى تىندۇرۇپ، كۆۋرۈكلەرنى قايتا چىدامىلىق قىلىپ سېلىپ چىقتى. بۇ جەرياندا دېھقانلار ئېشەك ھارۋا، تىراكتورلىرىنى ئىشقا سېلىپ توپا، شېغىل توشۇدى. 1999 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويى قۇتلۇقلىنىۋاتقاندا،

بوياقچىغىل خەلقى ئۆزگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان كەنت يوللىرىنى ياساش ۋە ئاسفالتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت خاسىيەتلىك ئىش ئارقىلىق بۇ توينى كۆتۈۋېلىشقا ئاتلاندى.

كەنت يوللىرىنىڭ توپا قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن، كەنت 100 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ چوڭ يول ۋە مەھەللىلەر بىلەن مەھەللىلەر تۇتىشىدىغان 12 كىلومېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇپ، توپىلىق يوللارنى تۈگەتتى. كەنت خەلقى مىجىت ئېلىدىن ئىنتايىن خۇش بولدى. كەنت يوللىرىنى مايلاشتۇرۇشتىمۇ بۇ كەنت قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى بويىچە تۇنجى ئىشنى قىلدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، بوياقچىغىل كەنتىگە كېلىدىغان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، تەجرىبە ئۆگىنىشكە، كۆرۈپ بېقىشقا كەلگەن كىشىلەر توپا كەچمەيدىغان، قىينچىلىق تارتمايدىغان بولدى، شۇنداقلا بۇ يول بەخت يولى، بېيىش يولى، بوياقچىغىللىقلارنىڭ قەلبىنى ھەر تەرەپكە تۇتاشتۇرىدىغان يول بولۇپ قالدى. دېھقانلار مۇنداق دېيىشتى: «يول راۋان بولسا ئىش ئاسان بولىدۇ. بىزنىڭ كەنت يولى شۇنداق راۋان، شۇنداق راۋان!»

## سالالاشقان ئېتىزلار

مەركەزنىڭ يولىيورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1997 ـ يىلى يەرلەر دېھقانلارغا 30 يىللىق ھۆددىگە بېرىلدى. يەر ئىشلىتىش كىنىشكىسىنى قولىغا ئالغان دېھقانلارنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى.

ئۇلار بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن بۇ يەرلەرگە ناھايىتى ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى تىلىنى

بىلىدىغان، نېمە تېرىسا بولىدىغان، قانداق قىلسا مول ھوسۇل ئالالايدىغان ھالغا كەلتۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇلار يەرنىڭ ھەقىقىي خوجىسى بولدى. لېكىن، بۇ چاغدا بوياقچىغىلدا خېلى كۆپ يەر ئېچىلغان، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ يەرلەرنى كەنت، مەھەللىمۇ ئاچقان، سەخسلەر ئۆزئىگە تەقسىم قىلىنغان يەر ئەتراپىدىن ئېچىۋالغانلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ يەرلەرنىڭ سۇغىرىش، تېرىقچىلىق قىلىش، بولۇپمۇ ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش شارائىتى ناچار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەنتتە يەرلەرنى سالالاشتۇرۇش، سۇغىرىش ئېرىقلىرى، ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش، توما-تاقاق ياساش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا توغرا كەلدى. قەيەرگە كەتمەن سالساڭ، قەيەردىن توپا ئالساڭ، دېھقان«مېنىڭ يېرىم» دەپ قولىدىكى كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ تۇرغان ئەھۋالدا يەرلەرنى سالالاشتۇرۇشتىن ئېغىز ئېچىش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى. بىراق، مىجىت ئېلى بوياقچىغىلنىڭ 1-، 3-، 4- مەھەللىلىرىگە بارسىلا، بۇ يەردىكى ئېگىز-پەس يەرلەرنى كۆرۈپ جۇدۇنى ئۆرلەيتتى. ئېرىق-ئۆستەڭلىرىنى قايتىدىن ئېلىپ، سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈپ ياساپ چىققۇسى كېلەتتى. 1997- يىلى كۈزدە مىجىت ئېلى بىرقانچە كۈن كەنتنىڭ ھەممە يەرلىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، پۈتۈن كەنتنىڭ 3000 مو يېرىنى19 مەيدانغا بۆلۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان 400 مودەك يەردىكى جىغان، خوخا، يانتاقلارنىمۇ يۇلۇپ تاشلاپ يەر قىلىش پىلانىنى كۆڭلىگە پۈكتى. يەرنى تۈزلەپ سالالاشتۇرغاندىلا، تېرىش، سۇغىرىش، دورا چېچىش، ئورۇش- يىغىش قاتارلىق ئىشلاردا بىر تۇتاش بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ماشىنىلاشقان يېزا

ئىگىلىكىنى بەرپا قىلغىلى بولاتتى.

كەنت يەرلىرىنى 19 چوڭ مەيدانغا بۆلۈپ سالالاشتۇرۇش ئىشى بىرقانچە قېتىم كەنت كادىرلىرى يىغىنىدا مۇزاكىرىگە قويۇلدى. بۇ ئىشقا بەزىلەر قوشۇلسا، بەزىلەر تۇرلۇك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قوشۇلمىدى. مىجىت ئىبلى ئەزالار چوڭ يىغىنىنى ئېچىپ، يەرلەرنى سالالاشتۇرۇش ئىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەرلەرنى سالالاشتۇرۇشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى چۈشەندۈردى ھەمدە ئەزالارنى مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇردى. نەتىجىدە كەنت خەلقى:

ـــ مىجىت ئىبلى كەنت باشلىقى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغاندىن باشلاپ بىزنى يامان يولغا باشلىمىدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقى بولمىسا ھازىرقىدەك باي بولالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مىجىت ئىبلى بىزنى خاتا يولغا باشلىمايدۇ. يەرلەرنى سالالاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشمۇ ئىتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرىنى ماشىنا بىلەن قىلىش، بىز دېھقانلارنى جاپا تارتقۇزماسلىق، كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن. شۇڭا، يەر سالالاشتۇرۇشنى قوللىمساق بولمايدۇ، ـــ دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ يەرلەرنى سالالاشتۇرۇش قارار قىلىندى. ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ 30 يىللىق قىلىپ ھۆددىگە بېرىلگەن 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ خىلدىكى يەرلىرى ئۆلچىنىپ ئەنگە ئېلىندى. مەيدان قىلىنىدىغان يەرلەردىكى دەرەخلەر قومۇرۇپ تاشلاندى. قىش ۋە ئەتىيازدىكى بوش ۋاقىتتا قالغان يەرلەر بىر ـ بىرلەپ سالالاشتۇرۇلدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سالالاشتۇرۇلغان يەرلەرنىڭ ئېرىقلىرى، سۇ كېلىدىغان 11كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى غول ئۆستەڭ سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈلدى. مەيدان ئېرىقلىرى، ئۆستەڭلەرگە توما ـ

تاقاقلار ئورنىتىلىپ، سۇغىرىش ئىشلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلدى. يەرلەر سالالاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەرنىڭ دەرىجىسى قايتا بېكىتىلىپ، شۇ دەرىجە بويىچە دېھقانلارغا ئەينەن بۆلۈپ بېرىلدى. يېڭىدىن ئېچىلغان 400 مودىن ئارتۇق يەر دېھقانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھەقسىز كۆرسىتىپ بېرىلدى. كەنتنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرى ماشىنىلىشىش يولىغا سېلىندى.

## يېڭىچە بېيىش يولى — كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش

1999 - يىلى مىجىت ئېلى خانئېرىق بازارلىق خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا كۆرسىتىلدى ھەمدە يەنە بىر قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ يىغىنغا قاتناشتى. شۇ يىلى ئۇ «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ سايلىنىپ بېيجىڭغا باردى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردى، ئۆگەندى، ئۆز جايىدا قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا كۆپ ئويلاندى، كاللىسىدا يەنە يېڭى ئوي - پىكىرلەرمۇ پەيدا بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئوي - پىكرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ شۇنچە يىل داۋامىدا نۇرغۇن ئىشنى قىلدى، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېھقانلارغا نەپ كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. مەيلى قانداق بولسۇن، ھەممىسىنىڭ نەتىجىسى چىقتى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بوياقچىغىل كەنتىنىڭ بۈگۈنكى يېڭى قىياپىتى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن ھەممە

كىشى خۇش، مىجىت ئىلىمۇ قولغا كەلگەن شەرەپلىرىگە خۇش ئىدى. بىراق، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش، ھەتتا دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش زۆرۈر ئىدى، شۇندىلا ھايات ئۆز مەنىسىنى تاپاتتى. بىلىش كېرەككى، ئادەم ئەجرى ۋە پاراستى بىلەن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتالايدۇ. ئۆزى ئۆچۈنلا ياشاش ھاياتقا چوڭقۇر مەنە بېرەلمەيدۇ، ئۆزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ بەدەل تۆلەش بىلەن ئۆتكەن ھاياتنىڭ قىممىتى يەنە باشقىچە بولىدۇ، مىجىت ئىلى مۇشۇنداق ئويلايتتى ۋە ھاياتقا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ شۇنچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۆز كەنتىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ بەختىگە ئاتىدى. يېڭىلىنىۋاتقان ھاياتقا يېڭىچە پوزىتسىيە، يېڭىچە ئۇقۇم، يېڭىچە روھ بىلەن مۇئامىلە قىلدى، سەۋر- تاقەت بىلەن ھەربىر ئىشنى ناھايىتى ئەستايىدىل، جانلىق ۋە قەتئىي سولماس ئىرادە بىلەن داۋاملاشتۇردى. مىجىت ئىلى قايسى ئىش يېڭىچە بولسا، دېھقانغا پايدا بەرسە، ئۇنىڭمۇ زور بولسا يۈرەكلىك شۇ ئىشنى قىلىشقا ئاتلىناتتى. كەنتنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشمۇ نۆۋەتتىكى يېڭى ئىقىم ئىدى. ئۇ مەبلەغ سېلىشتىن قورقمىساقلا نەتىجە چوڭ بولىدۇ، ئەمدى بىزنىڭ مەبلەغ سېلىشقا قۇربىمىز بار، قولىمىز قىسقا ئەمەس، دەپ ئويلايتتى. ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر مىجىت ئىلىنىڭ نەزىرىدە يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، تەرەققىيات، ئۆزگىرىش تېز بولۇۋاتقان ھازىرقى دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش، يېڭىلىق يارىتىش لازىم. كىم يېڭىلىقنى بالدۇر قوبۇل قىلسا، شۇ نەپكە تېز ھەم كۆپ ئېرىشەلەيدۇ. مىجىت ئىلى ئاشۇنداق ئويلايتتى. تەرەققىي قىلغان رايونلاردىكى گۈللەنگەن، كۆلەملەشكەن، يۈرۈشلەشكەن، ماشىنىلاشقان يېزا ئىگىلىكى،

كىشى بېشى كىرىمنىڭ يۇقىرىلىقى مىجىت ئېلىنىڭ خىيالىدىن كەتمەيتتى. 1999 ـ يىلى بوياقچىغىل كەنتىنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 1500 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى، مىجىت ئېلى بۇ كىرىمنى 2000 يۈەن، ھەتتا 3000 يۈەنگە يەتكۈزۈش خىيالىدا ئىدى. بۇنى پەقەت كەنت ئىگىلىكىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئاشلىقنى يىللىق تەمىناتقا يەتكۈدەك قىلىپ كىرىشتۈرۈپ تېرىش، كۆكتاتچىلىقنى پارنىك ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش، يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىش، باغ ـ ئورمان كۆچىتىنى كىرىشتۈرۈپ تىكىشنى پىلانلىدى. بۇ ئۇسۇل كەنتكە بەكمۇ ماس كېلەتتى.

مىجىت ئېلى ئۆز نىشانىنى بويلاپ بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئالغا ئىلگىرىلىدى ھەمدە 1999 ـ يىلى سالالاشتۇرۇلغان يەردىن 1000 موغا ئۆرۈك كۆچىتى، 200 مو يەرگە ئانار كۆچىتى تىكتى. بۇ ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەر بوياقچىغىلدا باغۋەنچىلىكنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلدى.

ئەزەلدىن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بوياقچىغىللىقلار ئەينى يىللاردا كۆزلۈك كۆكتات تېرىشنى كەسپلەشتۈرگەندىمۇ «ئاشلىق يېمەي، كۆكتات يەيمىزمۇ» دېگەندى، مانا ئەمدى يەنە بىر قىسىم كىشىلەر: «ئاشلىق يېمەي، مېۋە ـ چېۋە يەيمىزمۇ» دېيىشتى. بەزىلەر: «مىجىت ئېلى شۇنچە كۆپ شان ـ شەرەپ ئاز كەلگەندەك، يەنە ئۆلگە تىكلەپ ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشنى، مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىشنى نەدىن بىلىمىز، بۇمۇ بىرگە ئوشۇقچە بىر ئىش بولدىمۇ ـ قانداق؟» دېيىشتى.

مىجىت ئېلى بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ، دېھقانلار بۇ قىلغان ئىشمىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەندە ئاندىن چۈشىنىدۇ. ئۇ چاغدا «مىجىت ئېلى توغرا قىپتىكەن» دەيدۇ دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ ماناس ناھىيەسى، ئاتۇش شەھىرى قاتارلىق جايلاردىن باغۋەنچىلىك تېخنىكلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىپ، كەنتنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈردى. ئۇلارنىڭ تاماق، ياتىقىنى بولسا ئۆز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى.

## فونتانلىق ئېقىن

بوياقچىغىلنىڭ يول بويلىرى ئورمان بىلەن قاپلاندى، قۇم-بوران سوقۇپ تۇرىدىغان ئېتىزلار مۇداپىئە توسۇقىغا ئىگە بولدى. بوياقچىغىل خەلقى20 يىلدىن ئارتۇق قان-تەر ئاققۇزۇش ئارقىلىق ئۆز يۇرتىدا بىر گۈزەل بوستانلىق ياراتتى. لېكىن، سۇدىن ئىبارەت بۇ جان تومۇر بوياقچىغىلنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويۇۋاتاتتى. بۇ مەسىلە مىجىت ئېلىنى نەچچە يىل ئويلاندۇردى. ئۇ كەنتنى ئۆرۈك بازىسى، ئانار بازىسى، ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمى بازىسى قىلىش پىلانىنى ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ داۋاملاشتۇردى. ھەربىر يېڭى سېلىنغان كۆچەت تۈۋىگە چېلەكتە سۇ قۇيۇپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇردى. كېيىنچە كۆچەتلەر چوڭ بولدى، ئەمدى ئۇنىڭغا چېلەك بىلەن سۇ يەتكۈزۈش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى. سۇ مەسىلىسىگە بىر ئامال قىلمىغاندا، بوياقچىغىلدا بەرپا قىلىنغان باغۋەنچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مىجىت ئېلى ئىچكىرىگە، سانجى ئوبلاستىغا بارغاندا،

باغۋەنچىلىك رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى كۆرگەن ۋە بۇ تېخنىكىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن سۆيۈنگەنىدى. بوياقچىغىلدىمۇ بۇ تېخنىكىنى يولغا قويۇشقا بولامدۇ-يوق؟

مىجىت ئېلى ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىگە بېرىپ، ئىدارە رەھبەرلىرىگە ئەھۋالنى دوكلات قىلدى ھەمدە تېخنىك خادىملارنى بوياقچىغىلدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. تېخنىكلار ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە بوياقچىغىل كەنتىنىڭ كۆكتاتچىلىق، باغۋەنچىلىكتە كۆلەملىشىشتەك ئەۋزەللىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىپ، يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە دۇنيا بانكىسى قەرز مەبلىغى تۈرىدىن 3 مىليون يۈەننى سەرپ قىلىپ، بوياقچىغىل كەنتىدە ئالتە يەرگە قۇدۇق كولاشنى پىلانلىدى. بۇ ئىشقا جىددىي تۇتۇش قىلىنىدى، بىرنەچچە ئايدىلا قۇدۇقلار پۈتۈپ، يەر ئاستى سۈيى فونتان بولۇپ ئېتىلىپ چىقىپ ئېقىن ھاسىل قىلدى، بوياقچىغىل بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى سۇدىن قىسلمايدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇنى تېجەش، يۈرۈشلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 143كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئېرىق ياسالدى، 36 سۇ تىزگىنلەش قاپقىقى ئورنىتىلدى، ئۆرۈك، ئانار، ئۈزۈم بازىلىرىغا تېمىتىپ سۇغىرىش ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلدى. بۇ يېڭى تېخنىكا بوياقچىغىلدىكى يېڭى باغلارنىڭ كۆكلەپ ياشنىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى. ئالتە كۆز قۇدۇقنىڭ فونتان سۇلىرى ھەر ۋاقىت بوياقچىغىللىقلارنىڭ ماڭلىيىدىن ئاققان تەردەك كۆچەتلەرگە تېمىپ، شاخلاردا زەر بولۇپ چاقنىدى. بوياقچىغىللىقلار مۇنداق دېدى:

— ئەمدى سۇدىن غەم قىلمايمىز. دېمەك، بوياقچىغىل مەڭگۈ ياشىرىدۇ!

— مىجىت ئېلى سۆيۈنۈپ مۇنداق دېدى:

— ھايات ياشارسۇن، قەدەملىرىمىز ئۇزارسۇن، فونتان قۇدۇقلىرىمىزنىڭ سۈيى مەڭگۈ ئېتىلىپ تۇرسۇن!

## قىزىل ياقۇت قىزارغاندا

مىجىت ئېلى 2000-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىغا بارغاندا، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن كەلگەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمىنى بوياقچىغىلغا سىلىشقا قىزىقىپ قالدى. باھار كېلىشى بىلەن ئۇ سانجىغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، 150 مىڭ تۈپ ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمى كۆچىتى سېتىۋالدى. ئۇنى يۆتكەپ كېلىپ، 4-مەھەللىدىكى 200 مو يەرگە تىكتى ۋە بۇ يەردە ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمى بازىسى بەرپا قىلدى. بۇ يەرگە تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللاندى.

يېرى ئۈزۈم بازىسىغا كەتكەن ئېلى توختى، سايىت ئىنايەت، ياسىن خۇدابەردىلەرنىڭ ئىچى شۇنچىلىك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇلار:« بۇ يەرلەرگە ئاشلىق تېرىيمىز، ئەگەر ئۈزۈم سالسەن دېسەڭلار، يەرنى تاشلىۋېتىمىز، ئۈزۈمنى ئۆزۈڭلار سېلىپ، ئۆزۈڭلار يەڭلار»دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مىجىت ئېلى ئۇلارغا تەربىيە قىلىپمۇ قايىل قىلالمىدى. ئاخىر «ئەمەلىيەتنى كۆرگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسىلەر» دەپ قويدى.

تېخنىكلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە 200 مو يەرگە تىكىلگەن ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمىنىڭ تاختىلىرىغا كېۋەز كىرىشتۈرۈپ تېرىلدى. پەرۋىش ياخشى قىلىنغانلىقتىن، ئۈزۈم كۆچەتلىرى شۇ يىلى تۇتۇپ، ياندۇرقى يىلى مېۋە بېرىشكە باشلىدى. 2001 ـ يىلى پاختىدىن باشقا، قىزىل ئۈزۈمنىڭ مو بېشى بىرلىك كىرىمى500 — 1000 يۈەنگىچە بولدى. 2002 ـ يىلى ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمنىڭ مو بېشى كىرىمى 1000 — 2000 يۈەنگىچە بولدى. بۇنى كۆرۈپ، يەرگە ئۈزۈم سېلىشنى خالىماي تاشلىۋەتكەن ئېلى توختى، سايىت ئىنايەت، ياسىن خۇدابەردىلەر: «بىز بۇ يەرلەردە ئۈزۈم تۇتمايدۇ، تۇتسىمۇ ئۈزۈم بولمايدۇ، جاپاسىغا بىز قالىمىز دەپ يەرنى تاشلىۋېتىپتىمىز، ئەقىلسىزلىق قىپتىمىز، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپتىمىز، بۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلمايمىز، يەرنىڭ چېقىملىرىنى، سالغان ئۈزۈم كۆچىتىنىڭ پۇلىنى بېرەيلى ، ئۈزۈم سالغان يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلار» دېدى. لېكىن، بۇ چاغدا يەر كەنتتىكە ئۆتكۈزۈۋېلىنغانىدى. كەنت مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق يەرنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردى.

ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمنىڭ مو بېشى بىرلىك كىرىمى 2005 ـ يىلغا كەلگەندە بىراقلا كۆپىيىپ 3000 — 5000 يۈەنگىچە بولدى. ئۈزۈم ئارىسىغا تېرىلغان كېۋەزنىڭ كىرىمى بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى.

2002 ـ يىلى مىجىت ئېلى كەنت كادىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 100 مولۇق پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىش بېغى بەرپا قىلدى. بۇ ئۈلگە كۆرسىتىش بېغى ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە تۇنجى ئىش بولۇپ، تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. ئۈلگە

كۆرستىلىدىغان بۇ باغدا ھەممە مېۋە بار بولۇپ، بولجۇرگەن، گىلاس قاتارلىقلار شۇ يىلىلا مېۋىگە كىرگۈزۈلۈپ، خېلى ئوبدان ئىقتىسادىي قىممەت ياراتتى. بوياقچىغىل كەنتى ئۈزۈمچىلىكىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن دېھقانلارنىڭ تەلىپى بويىچە 2007-يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمى كۆلىمىنى 600 موغا كېڭەيتتى.

مىجىت ئېلى بۇ تۆردىكى نەتىجىسى بىلەن ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، نەمۇنىلىك ئاساسىي قاتلام كادىرى دېگەن قوش شەرەپكە ئېرىشتى. ناھىيە مىجىت ئېلىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىشنى ئەمەلدە كۆرسىتىشتىكى ئىلغار شەخس» دەپ باھالاپ مۇكاپاتلىدى.

## تاۋۇزنى تېرىپ قويدۇق، باراڭغا ئېلىپ قويدۇق

«پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىش دېھقانچىلىقنىڭ چىقىش يولى» دەيتتى مىجىت ئېلى ھەم بۇنىڭغا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرەتتى.

1996-يىلى يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى سۇلتان ماموت تېلېۋىزوردىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىرسىدە تاۋۇزنى باراڭغا ئېلىپ تېرىپ قوش ھوسۇل ئالغانلىقىدەك تەجرىبىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ شۇ ھامان بۇ يېڭى تېخنىكىنى سىناق قىلىپ بېقىشنى ئويلايدۇ-دە، دوستى مىجىت ئېلىغا تېلېفون قىلىپ، باراڭلىق تاۋۇز تېرىش ئىشىنى دەيدۇ. مىجىت ئېلى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نېرى-بېرىسىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرماستىن :

— بۇ بىر يېڭىلىقكەن. مەن سىلىگە ئىشىنىمەن. يەر، سۇ، ئەمگەك كۈچى بىزدىن، بۇ ئىشنى بىزنىڭ كەنتتە سىناق

قىلايلى، — دېدى.

سۇلتان ماموت بۇ كەسكىن قاراردىن سۆيۈندى. ئۇ دەرھال مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تاۋۇز ئۇرۇقى ئەكەلدۈرۈپ، سىناق قىلىپ تېرىش ئۈچۈن بوياقچىغىل كەنتىگە باردى. باراڭلىق تاۋۇز تېرىش ئىشى بوياقچىغىل كەنتىدە يەنە بىر قېتىق نۇقتا بولۇپ قالدى. دېھقانلار :

— كەنتىمىزنىڭ بېيىشىدا، بىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزدا ئۇرۇقچىلىق شىركىتىنىڭ، بولۇپمۇ سۇلتان ماموتنىڭ توھپىسى ناھايىتى زور. شۇنداقتىمۇ تاۋۇزنى باراڭغا ئېلىش ئەلمىساقتىن بولغان ئىش ئەمەس. قاپاقنى، كاۋىنى باراڭغا ئالسا، كاۋا، قاپاق تۇرغان بىلەن تاۋۇزنىڭ ساپىقى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. سەرپ قىلغان ئىقتىساد زايە كېتىدۇ. يەرنىڭ ھوسۇلنى زىيان تارتىمىز، — دېيىشتى. مىجىت ئېلى دادىللىق بىلەن :

— مېنىڭ يېرىمدە سىناق قىلايلى، زىيان - پايدىسىغا ئۆزۈم ئىگە! — دېدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆددە يېرىدىن ئىككى مونى ئاجراتتى. تېخنىكلار يەرنى تەلەپ بويىچە راسلاپ، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاۋۇزنى تېرىدى، لېكىن ئۇلار سەل ئالدىراپ قالغانىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا تېخى يەرنىڭ توڭى تېشىلمىگەن بولۇپ، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن ئىدى، بۇ ھال تاۋۇز مايسىلىرىنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىغا توسالغۇ بولدى. نېمىلا بولسۇن، تاۋۇز ئۇرۇقى كېيىن بىخلىنىپ، مايسا ئاينىدى. ھوسۇلمۇ ھەر ھالدا ياخشى بولدى. مىجىت ئېلى سۇلتان ماموتقا مۇنداق تەكلىپ بەردى :

— سىلەر كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتىڭلار، بىز باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا كەشپىيات پادىشاھى دەپ نام

www.uyghurkitap.com

ئالغان ئىدىسونىنىڭ 2000 قېتىمدىن ئارتۇق سىناق قىلىش ئارقىلىق ئاخىر لامپۇچكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغانىدۇق. بىز تېخى بىر قېتىم سىناق قىلدۇق. كېلەر يىلى قايتىدىن تېرىپ، بۇ ئىشتا تولۇق ئۇتۇق قازىنايلى.

1997 ـ يىلى ئەتىيازدا سۇلتان مامۇت بىرنەچچە تېخنىكنى ئېلىپ بېرىپ، ھېلىقى ئىككى مو يەردە يەنە باراڭلىق تاۋۇز تېرىدى. بۇ قېتىم ئۇلار 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يەرگە ئۇرۇق سالدى. بۇ چاغدا يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىر ـ قەدەر ئۆرلىگەن بولۇپ، تاۋۇز مايسىلىرى شۇنچىلىك ياخشى ئۈنۈپ چىقتى. تاۋۇز پىلەكلىرى ئۆسۈپ يېتىلگەندە باراڭغا ئېلىنىپ، ياۋا شاخلىرى پۇتالدى. ھەر تۈپ پىلەكتە بىردىن تاۋۇز قالدۇرۇلۇپ، قالغانلىرى ئېلىۋېتىلدى. تاۋۇزلار باراڭدا ساڭگىلاپ چوشكىلى تۇردى. ساپاقلىرىمۇ ئۈزۈلۈپ كەتمىدى. باراڭلىق تاۋۇزنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈشچانلىقى، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ياخشى بولغاچقا، 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىگە كەلگەندە ئالدى پىشتى. بۇنداق بالدۇرلا تاۋۇز پىشۇرۇش خانىېرىق بازىرى، شۇنداقلا پۈتۈن ۋىلايەت تارىخىداتۇنجى ئىش بولغاچقا، مىجىت ئېلىنىڭ تاۋۇزلۇقى ناھىيە ۋە ۋىلايەتتىكى رەھبەرلەر، دېھقانلارنىڭ زىيارەتگاھىغا ئايلاندى.

1998 ـ يىلىغا كەلگەندە مىجىت ئېلى بۇ خىل تاۋۇز تېرىش كۆلىمىنى 80 موغا يەتكۈزمەكچى بولدى. بىراق، دېھقانلار يەنىلا زىيان تارتىپ قېلىشتىن ئەنسىرىشىپ: «يەرنى بېرەيلى، كەنت بىلەن ئۇرۇقچىلىق شىركىتى بىرلىشىپ تاۋۇز تېرىسۇن، ئەمگىگىنىمۇ قىلىپ بېرەيلى. بىزگە ھەر مو يەرگە 1000 يۈەندىن يەر ھەققى بەرسۇن» دېدى. مىجىت ئېلى بىلەن سۇلتان مامۇت دېيىشىپ، دېھقانلارغا پۇل بېرىش شەرتى بىلەن يېرىنى

ئېلىپ تاۋۇز تېرىدى. تاۋۇزلار تېخنىكا تەلىپى بويىچە تېرىلغاچقا تازا ئوخشىدى. شۇ يىلى 5- ئايدىلا تاۋۇزلار پىشىپ، ھەر كىلوگىرامى 2—3 يۈەندىن پۇل بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. مىجىت ئېلى بىلەن سۇلتان مامۇت تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن دوگۋار تۈزۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى دېھقانلار:

— بىز ئاز يەرگە تېرىغان تاۋۇز ئوخشىسىمۇ، كۆپ يەرگە تېرىغان تاۋۇز ئوخشىمايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمىز. پەن- تېخنىكىنىڭ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن پايدىسى باركەن، بىز پۇلنى ئالمايلى، تاۋۇزلۇقنى ئۆزىمىزگە قايتۇرۇپ بەرسەڭلار، — دېدى.

ئۇلار بۇنىڭغىمۇ ماقال دېدى. دېھقانلار تېخنىك خادىملارنىڭ ياردىمى بىلەن تاۋۇزنىڭ پەرۋىشىنى ياخشى قىلدى. تاۋۇزلار 6- ئاينىڭ باشلىرىدا ئومۇميۈزلۈك پىشتى. دېھقانلار تاۋۇزلىرىنى بەس- بەستە سېتىشقا كىرىشتى. شۇ يىلى دېھقانلارنىڭ ئالدى بىر مو يەرنىڭ تاۋۇزىدىن 5000 يۈەن، ئەڭ ئاز ساتقانلىرىمۇ 3000 يۈەنلىكتىن كىرىم قىلىپ، خۇشلۇقتىن ئاغزى قۇلاقلىرىغا يەتتى.

دېھقانلارنىڭ بۇ خۇشلۇقى مىجىت ئېلى بىلەن سۇلتان مامۇتنىمۇ خۇش قىلدى. مىجىت ئېلى «تاۋۇزنى باراڭلىق قىلىپ تېرىغىلى بولغان يەردە قوغۇننىمۇ باراڭلىق قىلىپ تېرىغىلى بولماسمۇ؟» دېگەن مەسىلىنى ئويلاپ، بۇ ئويىنى سۇلتان مامۇتقا ئېيتتى. سۇلتان مامۇت باراڭلىق قوغۇن تېرىشنىمۇ مىجىت ئېلىنىڭ يېرىدە سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

شۇنىڭ بىلەن 1999- يىلىغا كەلگەندە بوياقچىغىلدا ئاز يەردە كۆپ مايىسا ئۈندۈرگىلى بولىدىغان، باراڭ ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

بوشلۇقتىنمۇ پايدىلانغىلى بولىدىغان باراڭلىق تاۋۇز، باراڭلىق قوغۇن تېرىش ئومۇمىي ئىشقا ئايلاندى.

## قوش يوپۇق، قوش ئۆتۈق

بوياقچىغىل كەنتىدە باراڭلىق قوغۇن-تاۋۇز تېرىلغاندىن كېيىن كىرىم ياخشى بولدى. بىراق، ئۇنىڭ جاپاسى، چىقىمىمۇ بىرقەدەر كۆپ ئىدى، بىرقانچە يىلدىن كېيىن، بۇ ئىش باشقا يېزا، بازار، مەيدانلاردىمۇ ئومۇملاشتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كىرىمى بۇرۇنقىدەك يۇقىرى، ئالاھىدە ياخشى بولمىدى. مىجىت ئېلى باراڭلىق قوغۇن-تاۋۇز تېرىشنى ئۆزگەرتىشنى ئويلاپ، بىرنەچچە مو يەرگە قوغۇن-تاۋۇزنى خۇددى كېۋەز تېرىغاندەك سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىدى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىغان بۇ تاۋۇزمۇ خېلى يامان ئەمەس بولدى. لېكىن، تاۋۇزنىڭ پىشىش ۋاقتى باراڭلىق تاۋۇزغا قارىغاندا 15 — 20 كۈن كېچىكتى. تاۋۇزنىڭ مو بېشى كىرىمى3000 يۈەن ئەتراپىدا بولدى.

مىجىت ئېلى قايتا-قايتا ئويلاش ئارقىلىق، تاۋۇزنى قوش سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىشنى سىناق قىلدى. تاۋۇز مايسىسى ئاستىنقى قەۋەت سۇلياۋ يوپۇق ئىچىدە ئۈنىدىغان، ئۈستۈنكى قەۋەت سۇلياۋ يوپۇق ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدىغان، سۇلياۋ يوپۇق ئىچىدىكى هاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن سىرتىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەڭلەشكەندە تاۋۇز مايسىسى سۇلياۋ سىرتىغا چىقىرىلىدىغان بولدى. بۇخىل ئۇسۇلدا تېرىلغان تاۋۇزنىڭ ئۆسۈشى، مەهسۇلاتى يۇقىرى، پىشىشى ياخشى بولدى، مو بېشى كىرىمى5000 يۈەنگە يەتتى.

قوش يوپۇق يېپىپ تاۋۇز - قوغۇن تېرىشنىڭ ئۈنۈمى

كۆرۈلدى. يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مىجىت ئېلى يارىتىپ بەرگەن بۇ قوش يوپۇق يىپىپ تاۋۇز تېرىش ئۇسۇلىنى1999 ـ يىلىغا كەلگەندە يېزا بويىچە 800 موغا، 2000 ـ يىلى 5000 موغا كېڭەيتتى. 2001 ـ يىلى ناھىيە بويىچە قوش يوپۇق يىپىپ تېرىلغان تاۋۇز كۆلىمى 10 مىڭ موغا يەتتى. بوياقچىغىل كەنتى 600 مو يەرگە قوش يوپۇقلۇق قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ناھىيە، پۈتۈن ۋىلايەت بازارلىرىدا «خانئېرىقنىڭ قوغۇنى»، «خانئېرىقنىڭ تاۋۇزى» دەيدىغان مەھسۇلات ماركىسى پەيدا بولدى. بوياقچىغىلنىڭ كىشى بېشى كىرىمى2000 ـ يىلى2030 يۈەنگە ،2001 ـ يىلى2330 يۈەنگە يەتتى، شۇنىڭ بىلەن تارىخىي رېكورت يارىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى كىرىمىدە 2000 مىڭ يۈەنلىك ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتۈلدى. شۇ يىللاردا يېڭىشەھەر ناھىيەسى، شۇنداقلا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھېچقايسى يېزا ـ بازىرىدا كىشى بېشى كىرىمى 2000 يۈەنگە يەتكەن ئىش يوق ئىدى.

مىجىت ئېلى بىلەن سۇلتان مامۇت باشچىلىقىدا يارىتىلغان بۇ بىر قاتار تەجرىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر بۈگۈنكى كۈندە يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدە ئومۇملاشتى، قوش يوپۇق يىپىپ قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىش، پارنىكتا قوغۇن ـ تاۋۇز ئۆستۈرۈش، قوش يوپۇق يىپىپ كۆكتات تېرىش كىرىمنى ئاشۇرۇشتا كاپالەت خاراكتېرلىك ئىگىلىك سۈپىتىدە كەڭ ئومۇملاشتۇرۇلدى.

## نۇرانە بېغىشلىما

2001 ـ يىلى بوياقچىغىل ئۈچۈن تولىمۇ خاسىيەتلىك يىل

بولدى. كەنتتە ئەتىياز كىرىشى بىلەن ئىشلار ئالدىراش بولۇپ كەتتى. 600 مو يەرگە قوش يوپۇقلۇق قوغۇن- تاۋۇز تېرىلدى. «پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈشكە بولغان يەردە قوغۇن- تاۋۇز ئۆستۈرگىلىمۇ بولىدۇ» دەپ ئويلىغان مىجىت ئېلى 20 پارنىك ياساپ، ئىچىگە قوغۇن-تاۋۇزنى سىناق قىلىپ تېرىدى. 1000 مو يەردىكى ئۆرۈك مېۋىگە كىردى. 200 مو يەردىكى ئانار مېۋە بېرىشكە باشلىدى. 200 مو يەردىكى ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمى هوسۇل بەردى.

5- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بوياقچىنىڭ ياپپېشىللىققا چۆمدى. ئۆرۈك، ئانار شاخلىرىدا مېۋە، قوغۇن- تاۋۇز پېلەكلىرىدە خەمەك جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەننىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. كەنتتىكى كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى چەكسىز شادلىققا چۆمدى. ناهىيە ۋە كەنت رەهبەرلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، كەنت قورۇسى، مەكتەپ، كەنت زاۋۇتلىرى، يوللار، ئۆيلەر، باغلار، ئېتىز-ئېرىقلار، هەتتا قوتانلارغىچە پاك - پاكىز تازىلاندى. يول-يوللارغا لوزۇنكىلار ئېسىلدى، تاملارغا شوئارلار چاپلاندى. بوياقچىنىڭ چوڭ- كىچىك ئېرىقلىرىدا كۆپكۆك سۇلار شىلدىرلاپ ئاقتى. چوڭ- كىچىك هەممە كىشىنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋە قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن كەلدى. ئۇ، مەملىكەت بويىچە 12 نەپەر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ بىرسى، مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىسى، يېزىلىق، ناهىيەلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، بوياقچىنىڭ كەنتى پارتىيە

www.uyghurkitap.com

ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى مىجىت ئېلىنىڭ پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، نامراتلىقتا نامى چىققان بىر كەنتنى ئۆزگەرتىپ، يىراق - يېقىنغا داڭ چىقارغان باي كەنتكە ئايلاندۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. كۆلەملەشكەن ئىگىلىكنى كۆزدىن كەچۈردى. مىجىت ئېلىنىڭ قانداق قىلىپ نامرات كەنتنى باي كەنتكە ئايلاندۇرغانلىقى توغرىدىسكى قىسقىچە دوكلاتىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدى. ۋاڭ لېچۈەن بوياقچىغىلدىكى دېھقان ئۆيلىرىنى، ئىچىملىك سۇ، ئۆرۈكلۈك، ئانارلىق، ئۈزۈملۈكلەرنى بىرمۇبىر كۆرگەندىن كېيىن چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى. ۋاڭ لېچۈەن مىجىت ئېلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ياخشى ئىشلەپسىز، پارتىيە ۋە خەلق سىزدىن رازى. يەنىمۇ تىرىشىڭ، — دېدى، ئاندىن قولىغا قەلەم ئېلىپ «يېزا ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى ھەمدە مىجىت ئېلىنى تېخىمۇ تىرىشىشقا، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى.

مىجىت ئېلى :

— پارتىيە ماڭا نۇرغۇن شان-شەرەپلەرنى بەردى. مەن بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايمەن، — دەپ ۋەدە بەردى.

ۋاڭ لېچۈەن شۇجىنىڭ كېلىشى، كەنتنى كۆزدىن كەچۈرۈشى ۋە كەنتكە ئاتاپ بېغىشلىما يېزىپ بېرىشى بوياقچىغىل خەلقىنى چەكسىز خۇش قىلدى، ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت، ئۈمىدىگە ئۈمىد قوشتى.

www.uyghurkitap.com

# باش شۇجى خۇجىنتاۋ بوياقچىغىلدا

ۋاڭ لېچۈەن شۇجى بوياقچىغىلنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىر ئاي بولاي دېگەندە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يولداش خۇجىنتاۋنىڭ بوياقچىغىل كەنتىگە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر كەلدى.

بۇ كاتتا خۇش خەۋەر پۈتۈن خانئېرىق بازىرىنىلا ئەمەس، يېڭىشەھەر ناھىيەسىنى، جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايىتىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. ھەر تەرەپلىمە تەييارلىقلار قىلىندى. باش شۇجى، دۆلەت رەئىسىنىڭ خانئېرىق بازىرى بوياقچىغىل كەنتىگە كېلىشى، كەنتنىڭ ھەر خىل كۆلەملەشكەن ئىگىلىكىنى كۆزدىن كەچۈرۈشى بۇ كەنت، بۇ يېزا تارىخىدىكى مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى.

كۈتكەن كۈن ئاخىر كەلدى. 2001 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سەھەر. ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان باش شۇجىنى قارشى ئېلىش تەييارلىقىنى قىلىپ پۈتكۈزگەن بوياقچىغىل خەلقى باش شۇجىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي بىرقانچە ئون كىچىك ماشىنا بوياقچىغىل كەنتىنىڭ قورۇسى ئالدىدا توختىدى. باش شۇجى خۇجىنتاۋ ماشىنىدىن چۈشكەندە كىشىلەر ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. باش شۇجى، دۆلەت رەئىسى خۇجىنتاۋ بوياقچىغىل خەلقىگە قاراپ قول ئىشارىسى بىلەن ئېھتىرام بىلدۈردى. بوياقچىغىل خەلقى قىزغىن چاۋاكى بىلەن خۇ جىنتاۋنى قارشى ئالدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى

سىياسى بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن باش شۇجىغا مىجىت ئېلىنى تونۇشتۇردى. باش شۇجى مىجىت ئېلى بىلەن سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

باش شۇجى خۇجىنتاۋ بوياقچىغىل كەنتىنىڭ كۆلەملەشكەن ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى كۆزدىن كەچۈردى. شاخلاردىكى سانجاق-سانجاق ئالتۇن رەڭ ئۆرۈكلەرگە، قوش يوپۇق يېپىپ تېرىلىپ، شۇ مەزگىلدە پىشقان، ئېتىزدا سايىنىڭ تېشىدەك ياتقان تاۋۇزلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. باش شۇجى بوياقچىغىلنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىنى بىلگەندىن كېيىن، مىجىت ئېلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ياخشى ئىشلەپسىز، كەنتنى گۈللەندۈرۈشتە، دېھقانلارنى بېيىش يولىغا باشلاشتا ياخشى ئۈلگە تىكلەپ بېرىپسىز، تېخىمۇ كۆپ نەتىجە يارىتىشىڭىزغا تىلەكداشمەن» دېدى.

باش شۇجىنىڭ كېلىشى بوياقچىغىل تارىخىدا مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ قالدى. باش شۇجىنىڭ سۆزلىرى مىجىت ئېلىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىدى. ئۇ ئۆزىدىن ئەمەس، ئىشچان بوياقچىغىل خەلقىدىن پەخىرلەندى. باش شۇجىنىڭ جىددىي ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، تەكلىماكاننىڭ بىر گىرۋىكىگە جايلاشقان بوياقچىغىلدەك چەت كەنتكە كېلىپ، ئۆزى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە ياخشى باھا بەرگىنىدىن چاكسىز سۆيۈندى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھەقىقەتەن بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىگە، پارتىيەمىزنىڭ ھەقىقەتەن خەلقنىڭ پارتىيەسى، خەلقنىڭ غەمگۇزارى، خەلقنىڭ نىجاتكارى ئىكەنلىكىگە چەكسىز سۆيۈندى.

مىجىت ئېلى مەملىكەت بويىچە 12 نەپەر مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ بىرسى بولۇپ بېيجىڭغا بارغاندا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى. مانا بۈگۈن ئۆز يۇرتىدا، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، ئۆزى تەر ئاققۇزۇپ گۈللەندۈرگەن بوياقچىغىلدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى خۇجىنتاۋ بىلەن كۆرۈشتى. مۇشۇنداق غەمخورلۇق، كۆيۈنۈش، سەممىي ياردەم تۈرتكىسىدە مىجىت ئېلىنىڭ خۇشال بولماسلىقى، يەنىمۇ غەيرەتكە كەلمەسلىكى، تىرىشىپ ئىشلىمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

مانا مۇشۇ مىنۇتلاردا مۇئەللىپ مىجىت ئېلىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن بوياقچىغىللىقلارنىڭ ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خۇددى باش شۇجى خۇجىنتاۋ بىلەن كۆرۈشكەندەك ھاياجانغا چۆمۈلدى، ئەنە ئاشۇ ھاياجاندىن قەغەز يۈزىگە مۇنداق ئوتلۇق مىسرالارنى تىزدى:

ئازادلىق، ئەركىنلىك بىرىپ پارتىيەم،
گۈللەتتى مېھرىدە خەلقئالەمنى!
باشلىدى ھەر تاڭدا نۇسرەت ـ غەلىبىگە،
ھاياتقا سۆيگۈدىن بىرىپ ئىلھامنى!

# ھاياتلىق ئاسمىنىدىن ساقىغان يۇلتۇز

## ئۈمىدكە تولغان ھايات

21- ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلىدا بوياقچىغىلىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 2330 يۈەنگە يەتتى. كۆپلىگەن ئائىلىلەر بانكىدا ئامانەت پۇل قويالىدى، ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ 100 مىڭ يۈەن، ئەڭ ئاز بولغانلىرىنىڭمۇ 10 مىڭ يۈەن بانكىدا ئامانىتى بار بولدى. مىجىت ئېلى دائىم قورسىقىدا چوت سوقاتتى. كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى ھەر يىلى 300 يۈەندىن ئاشۇرساق، 2010- يىلىغا بارغاندا 5100 يۈەن بولاتتى. ئۇ چاغدا بوياقچىغىلىدىن دېھقان مىليونېرلار چىقىشتا ئۈمىد بار بولاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىدىن، ئىشلىگەن خىزمىتىدىن رازى بولغان بولاتتى.

بىراق، بۇ نىشانغا يېتىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. كىرىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەنتتە يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟ ئۇ بۇ سوئالنى دائىم ئۆزىگە قوياتتى. كېيىن بۇ سوئالنى كەنت كادىرلىرى يىغىنىدىكى مۇزاكىرىگە قويىدىغان بولدى. كەنت كادىرلىرى مىجىت ئېلىدىن بۇ سوئالنى ئاڭلىسا، قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ قالاتتى.

— سىلەرمۇ ئويلىغىنىڭلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار، —

دەيتتى مىجىت ئىبلى كۆلۈپ، — هازىر كۆتۈلۈپ تۇرۇشقا، قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. مەغرۇرلىنىشقا، ئارقىغا چېكىنىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. كەنتىمىزنىڭ كىشى بېشى كىرىمى ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا بولسىمۇ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى يېزا-بازارلارغا سېلىشتۇرساق بەك ئارقىدا تۇرىمىز. كىشى بېشى كىرىمى ۋە كۆلەملەشكەن ئىگىلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا زور. بىز بۇنىڭدىن كېيىن يەرگىلا تايىنىۋالساق بولمايدۇ، تۆرلۈك قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز، ھۈنەر-كەسىپ، پىششىقلاپ ئىشلەش، قاتناش-ترانسپورت، سىرتقا چىقىپ ئىشلەشنىمۇ يولغا قويۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلساق مۇشۇ بىر-ئىككى يىل ئىچىدە كىشى بېشى كىرىمنى ئاشۇرۇپ 2500—3000 يۈەنگە يەتكۈزەلەيمىز. ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمىنىڭ بولتۇرقى مو بېشى كىرىمىدىن قارىغاندا، ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمى بازىسىنى كېڭەيتىشىمىزنىڭ ئىستىقبالى باردەك قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ كىشى بېشى كىرىمنى ئاشۇرۇشىمىزنىڭ يەنە بىر يولى. يەنە بىر يولىمىز باقمىچىلىقنى كېڭەيتىش. باقمىچىلىق بىزگە نان بېرىپ كېلىۋاتقان ياخشى كەسىپ. بوياقچىغىلدا ھەممە كىشى دېگۈدەك باقمىچىلىقنىڭ پايدىسىنى كۆردى. بۇنى كېڭەيتىش كېرەك، كەنتتە چوڭ تىپتىكى باقمىچىلىق بازىسى قۇرساقمىكىن دەيمەن!

مىجىت ئىبلى ئويلىغانلىرىنى ئاشۇنداق دادىل ئوتتۇرىغا قويۋاتتى. ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق پىلانلىرىنى دەلىللەيتتى. يولغا قويماقچى بولغان تۆر، پىلانلىرىنىڭ لايىھەسىنى كۆتۈرۈپ يېزا، ناھىيەگە قاترايتتى. رەھبەرلەردىن پىكىر ئالاتتى. تېخنىك، مۇتەخەسسىسلەرگە باھالىتاتتى.

كېيىنكى چاغلاردا بوياقچىغىلدا ئامېرىكا قىزىل ئۈزۈمى

كۆلىمى 600 موغا كېڭەيتىلدى، 3 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇلدى، 2008- يىلىغا كەلگەندە بوياقچىغىل كەنتىنىڭ كىشى بېشى كىرىمى4400 يۈەنگە يەتتى، كەنتتە شەخسلەر قۇرغان ئۈن، ياغ، يەم- خەشەككە ئىش قوشۇش زاۋۇتلىرى بارلىققا كەلدى، قاتناش- ترانسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر كۆپەيدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىجىت ئېلى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغۋار پىلانىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

## ئەزرائىل يېقىنلاپ كەلگەندە

يىللار شۇنداق ئۆتتى، ئۇ ھاياتلىق ئۆتمۈشىگە نۇرغۇن يادنامىلەرنى قالدۇردى، بولۇپمۇ مىجىت ئېلىنىڭ ئۆتمۈشىگە نۇرغۇن - نۇرغۇن ئەستىلىكلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئۆمۈر مۇساپىسىنىڭ ھەربىر ئىزىنى يورۇتۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىسمىغا كۈتمىگەن ھارغىنلىقنى ھامىي قىلىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ ئالدىراش، جىددىي ئىش قايىنىمىدا جىسمىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە بەك دىققەت قىلىپ كەتمىدى. ئۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىدىكى بىر گۇرۇپپا ئادەمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، بوياقچىغىلنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەشنىلا بىلەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ بېشى تۇرۇپ - تۇرۇپ قاتتىق ئاغرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. دەم ئالماي ئىزچىل خىزمەت ئىشلەش، ھېرىش- چارچاش ئۇنى قان بېسىمى يۇقىرىلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار قىلىپ قويغانىدى. بېشى ئاغرىغان ۋاقىتلاردا يانچۇقىغا سېلىۋالغان ئادەتتىكى باش ئاغرىقى دورىلىرىدىن بىرەر-ئىككى

تال يېۋىلىپ ئىشنى قىلىۋەردى. كېيىن يۈرسەت چىقىرىپ دوختۇرغا كۆرۈندى. دوختۇرنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن بالنىستىمۇ يېتىپ داۋالاندى. كەنتتە نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاچقا، بالنىستتا ئۇزاقراق يېتىپ داۋالىنىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. دوختۇر كۆپرەك دەم ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۇ دەم ئالالمىدى. ئۇ دوختۇر بەرگەن دورىلارنى ئىشخانىسىدا، ئېتىز قىرلىرىدا، يىغىنلاردا ئولتۇرۇپ، بەزىدە چاي بىلەن، بەزىدە قۇرۇق يۇتۇپ يەپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى.

2005 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۇنىڭ قان بېسىمى بىردىنلا ئۆرلەپ بالنىستتا يېتىپ قالدى، بالنىستتا ئۇزاقراق يېتىپ داۋالىنىش كېرەك ئىدى، بىراق ئۇ ئون نەچچە كۈن داۋالىنىپلا بولدى قىلدى. يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى، ئۇ كەنتكە قايتىپ، بىر قىسىم يەرلەردىكى تېرىقچىلىقنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئۇ بىر كۈنمۇ ئارام ئالالمىدى، 4 ـ ئايغا كەلگەندە ئۇنىڭ كېسىلى جىددىي قوزغالدى.

2005 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مىجىت ئېلى كەنت ئىشخانىسىدىلا يىقىلىپ قالدى. ئۇ دەرھال قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 ـ خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىندى. مىجىت ئېلىنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. يېڭىشەھەر ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ مىجىت ئېلىنى يوقلىدى. مىجىت ئېلىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە مەلۇم قىلدى. ۋىلايەت رەھبەرلىرىمۇ مىجىت ئېلىنى يوقلىدى ھەمدە دوختۇرخانا رەھبەرلىرى ۋە دوختۇرلارغا كېسەلنى ياخشى داۋالاش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى تۆت چوڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئەزالىرى دائىم دوختۇرخانىغا بېرىپ مىجىت ئېلىغا ھەمراھ بولدى.

بىرقانچە كۈنلۈك داۋالاش ئارقىلىق مىجىت ئېلىنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى. مىجىت ئېلى ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ بالىنىستتا ئۆزىگە ھەمراھ بولغىنىغا، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ :

— مەن ساقايغاندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ رەھبەرلەرنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايمەن، — مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىمەن، — دەيتتى ئۇ يوقلاپ كىرگەن ھەربىر ئادەمگە ئۈمىدلىك تىكىلىپ. ئۇ ئۆزىنى يوقلاپ كىرگەن كەنت كادىرلىرىدىن كەنتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى. بەزى ئىشلارنى تاپىلايتتى. ئۇنىڭ تولاراق سورايدىغىنى پۈتۈش ئالدىدا تۇرغان يۇرۇشلەشكەن باقمىچىلىق بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىدى.

مىجىت ئېلى ئون نەچچە كۈن داۋالانغاندىن كېيىن خېلى ئوبدان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى ئۆزىنى يوقلاپ كىرگەن بىر كەنت كادىرىدىن باقمىچىلىق بازىسىنىڭ پۈتكەنلىكىنى، 4- ئاينىڭ 25- كۈنى ناھىيە ۋە ۋىلايەتتىن باقمىچىلىق بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈشكە ئادەم بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتى. كەنت كادىرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ياتالماي قالدى. «باقمىچىلىق بازىسى قۇرۇشىنى مەن ئوتتۇرىغا قويغان. سېلىنغان مەبلەغمۇ ئاز ئەمەس. بازىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا مەن بولمىسام بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ

www.uyghurkitap.com

دوختۇرلارنىڭ، خوتۇن - بالىلىرىنىڭ، ئۆزگە قاراۋاتقان ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئۇدۇل بوياقچىغىلدىكى باقمىچىلىق بازىسىغا باردى. ئۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ئىشلانى ئورۇنلاشتۇردى......

مجىت ئېلى بىرنەچچە كۈن كەنتكە بېرىپ - كېلىپ يۈردى. كېيىن كېسەل ئۇنى يەنە قىيناپ، 10 كۈندەك كەنتكە بارماي ئۆيدە يېتىپ قالدى. مجىت ئېلىنى ئىزدەيدىغانلار ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ - كېتىپ تۇردى. مجىت ئېلىنى يوقلاپ چىققان ناھىيە رەھبەرلىرىمۇ مجىت ئېلىنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇشتى ۋە مجىت ئېلىنى كۆپرەك دەم ئېلىشقا ئۈندەپ كىرىپ كېتىشتى. 2005 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مجىت ئېلىنىڭ قان بېسىمى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ قالدى. بۇ چاغدا ئەزرائىل ئۇنىڭغا قارا قولىنى شۇنچىلىك تېز سوزدىكى، مېڭىسىگە چۈشكەن قان ئۇنى ھاياتلىقتىن مەھرۇم قىلدى. 53 ياشقا كىرگەن بۇ تاغ يۈرەك ئوغلان سانسىز يۈرەكنى داغدا قويۇپ، شۇنچىلىك تېز، شۇنچىلىك دەھشەتلىك كۆز يۇمدى!

## ماتەمدىكى ھاتەم روھى

مجىت ئېلى خانئېرىق ئاسمىنىدا چاقنىغان نۇرلۇق بىر يۇلتۇز ئىدى. ئۇ كۆكتىن ساقىپ چۈشتى. بوياقچىغىل زېمىنى ئۆزىنى سۆيگەن، ئۆزگە تەر ئاققۇزغان ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالدى. خانئېرىق ئاسمىنىدا ئۇنىڭ نۇرلۇق سىيماسى قالدى.

مجىت ئىلى بوياقچىغىللىقلارنىڭ يولباشچىسى، غەمگۇزارى ئىدى. ئۇنىڭ ئەل ئۈچۈن سوقۇۋاتقان يۈرىكى توختاپ، كۆزى مەڭگۈلۈك يۇمۇلدى. بوياقچىغىل خەلقى قابىل سەركىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. بىراق، بوياقچىغىللىقلارنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ تۇتقان يولى، ئۇلۇغۋار نىشانى، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانى، مەردانە سۆزلىرى قالدى. ئۇنىڭ بۇ تۇپراقتا قالدۇرغان نۇرانە ئىزلىرى، بەرپا قىلغان گۈزەل باغلىرى قالدى.

مجىت ئىلىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە، ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە يەتكۈزۈلدى. مجىت ئىلىنىڭ چوڭ ھويلىسى ئادەم بىلەن لىق تولدى. ۋىلايەت ۋە ناھىيە رەھبەرلىرى، يېزا رەھبەرلىرى، كەنت كادىرلىرى، دېھقانلار، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چىرايىنى قايغۇ قاپلاپ، كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلدى.

ناھىيە ۋە ۋىلايەت رەھبەرلىرى مجىت ئىلىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە مجىت ئىلىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا«ئامانىسا» دېگىنىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن جىددىي ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭ خاڭجۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان قىزى ئامانىسانى كېچىلەپ ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە ئەكەلدۈردى.

2005 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئەتىگەندە مجىت ئىلىنىڭ ئىشىك ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ۋىلايەت، ناھىيەدىكى تۆت چوڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مەسئۇللىرى، مۇناسىۋەتلىك باشقارما، ئىدارە - ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىرى، يېزا ئورگىنىدىكى بارلىق كادىرلار، خانئېرىق بازىرىدىكى بارلىق

كەنتلەرنىڭ كادىرلىرى، يېقىن ئەتراپتىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار، بوياقچىغىلدىكى بارلىق خەلق ئاممىسى بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلدى. ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاۋ گاڭ (ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى) مىجىت ئىبلىنىڭ ئىشكى ئالدىدىلا ماتام مۇراسىمىنى ئاچتى. جاۋ گاڭ تەزىيە سۆزىدە مىجىت ئىبلىنىڭ بوياقچىغىل كەنتى خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، 3- ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن پارتىيەنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئەۋزەل سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، نامراتلىقتا داڭقى چىققان كەنتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، بېيىغان كەنت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش جەريانىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن شان ـ شەرەپلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، مىجىت ئىبلىنىڭ ھاياتىغا يۇكسەك باھا بەردى ۋە مىجىت ئىبلىنى ياد ئېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورايدىغانلىقىنى، مىجىت ئىبلىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇ قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇنىڭ تەسىرلىك سۆزى بۇ يەرگە يىغىلغان سانسىز يۈرەكنى لەرزىگە سالدى. ئۇلار بۇ ئوت يۈرەك ئوغلىغا بولغان كۈچلۈك سېغىنىشىنى تاراملاپ چۈشكەن ياشلىرى بىلەن ئىپادىلىدى. ماتەم ئەھلى مىجىت ئىبلىنىڭ ھاتەمدەك ئېگىلمەس ـ سۇنماس جاسارىتىنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىدى.

مىجىت ئىبلىنىڭ مېيىتى دۆلەت يولى315- لىنىيەسىدىكى بوياقچىغىل كەنتىگە قايرىلىدىغان قەبرىستانلىققا قويۇلدى. بوياقچىغىل تۇپرىقى ئۇنى يەنە ئۆز قوينىغا ئالدى.

# گۈزەل ئەسلىمە، يۈكسەك پەزىلەت

مىجىت ئىبلى توغرىسىدا ماتېرىيال ئىزدەپ يېڭىشەھەر ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، خانئېرىق بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، بوياقچىغىل كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى ۋە ئاھالىلەر كومىتېتىدا، ناھىيەلىك ئۈرۈقچىلىق شىركىتى، مىجىت ئىبلىنىڭ ئائىلىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا زىيارەتتە بولۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. مىجىت ئىبلىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن سۇلتان مامۇت، ئابلىز قۇربان، نىياز مەمەت، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئايالى، پەرزەنتلىرى بىلەن سۆھبەت قۇردۇق. ئۇلار سۆزلەپ بەرگەن گۈزەل ئەسلىمىلەردىن مىجىت ئىبلىنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق.

## ئانارگۈلنىڭ ئىزھارى

يېڭىشەھەر ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئانارگۈل خۇدابەردى بىزنىڭ مىجىت ئىبلى توغرىسىدا كىتاپ يېزىش ئىشى بىلەن كەلگىنىمىزنى ئاڭلاپ بەكمۇ قىزغىنلىق بىلەن قوللىدى. ئۇ جىددىي ئىشنى قويۇپ سۆھبەتكە يۈزلەندى ۋە بىزنىڭ سوئاللىمىزنى كۈتمەستىنلا سۆزلەپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ بەك ياخشى بوپتۇ. مىجىت ئېلىنىڭ ئەجرى مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدىغان، كۆمۈلۈپ قالمايدىغان ئەجىر. ئۇ بالىقنى دېھقانلارنىڭ بېيىشىغا ئاتىغان ھەم زور شان- شەرەپلەرگە ئېرىشكەنىدى. دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى ئۆز كۈچىگە، ئەقىل- پاراسىتىگە تايىنىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، نامرات كەنتنى باي كەنتكە ئايلاندۇرغانلىقى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرىغا قانداق ئىشلەش توغرىسىدا شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بۇرۇنراق يېزىپ، كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش كېرەك ئىدى. مىجىت ئېلىنى تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش ھازىرمۇ كېچىكمەيدۇ. چۈنكى، بوياقچىغىلدا مىجىت ئېلى تىكلىگەن ئىگىلىك يىلدىن-يىلغا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. خەلق مىجىت ئېلىنى چىن دىلىدىن سېغىنماقتا. بوياقچىغىل كەنتىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى مىجىت ئېلى ئېچىپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىپ يىلدىن-يىلغا باي بولماقتا......

ئاددىي - ساددا كىيىنگەن، چىرايى ۋە تۇرقىدىن جۇشقۇنلۇق، تېتىكلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئانارگۈل خۇدابەردى مىجىت ئېلى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى:

— مەن مىجىت ئېلىنى تۇنجى كۆرگەنىدىلا بەكلا ھەيران قالغانىدىم، — دېدى ئانارگۈل خۇدابەردى قىزغىنلىق بىلەن، — شۇ چاغ دەل 5- ئاي مەزگىلى ئىدى، مەن ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن يېزىنى ئايلىنىپ، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاشخانىسىغا چۈشلۈك تاماققا كىردۇق، شۇ چاغدا

قاۋۇل كەلگەن، خۇش چىراي، مەردانە بىر ئادەم بىر خالتىنى مۇرىسىگە ئارتىپ، تاماق يەۋاتقان يەرگە كىردى. ئۇ تاغارنى قويۇپ، ھەممىمىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولۇپلا: «كەنتىمىزنىڭ يېڭىلىقىنى ئېلىپ كەلگەنىدىم، ھەر بىرلىرى ئېغىز تىگىپ تېتىپ بېقىشقان بولۇشسىلا» دېدى. بىر ھاڭ - تاڭ قالدۇق، مەن بۇ ناھىيەگە يېڭىلا يۆتكىلىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم، ئۇ كىشى ھېلىقى تاغاردىن بىرنەچچە تاۋۇزنى چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە ئېلىپ، يېنىغا ئىسىۋالغان پىچاقنى غىلاپتىن چىقىرىپ پاراسلىتىپ پىچىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا سورۇننى جانلاندۇرۇۋەتتى. ھېلىقى تاۋۇزلار شۇنچىلىك چوڭ، تاتلىق بولۇپ، ھەممىمىزگە شۇنچىلىك ياقتى. باشقىلار ئۇ كىشىنى مىجىتكا، مىجىت قارى دېيىشتى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ مىجىت ئېلى ئىكەنلىكىنى بىلدىم ۋە داڭقىنىڭ بىكارغا چىقمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. كېيىن بۇ ئادەم ئۆز كەنتىدە تاۋۇزنى باراگغا ئېلىپ تېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، شۇ كۆرۈنۈشلەر ھېلىمۇ شۇنداق ئېسىمدە تۇرىدۇ، دۇنيادا شۇنداقمۇ بىر خىل يېقىشلىق ئادەم بولىدىكەن!......

ئانارگۇل خۇدابەردى مىجىت ئېلى توغرىسىدا ئۆزى بىلىدىغان خېلى كۆپ تەرەپلەرنى ئۇچۇق-يورۇقلۇق بىلەن سۆزلەپ، نۇرغۇن ئۇچۇر بىلەن تەمىن ئەتتى، بىز ئۇ بەرگەن يىپ ئۇچىنى بويلاپ ماتېرىيال ئالدۇق.

— سىلەر مىجىت ئېلى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ماتېرىيالغا ئېرىشمەكچى بولساڭلار، ئەڭ ئاۋۋال ناھىيەلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى سۇلتان ماموتنى تېپىڭلار، ئۇنىڭ مىجىت ئېلى بىلەن كەچۈرمىشى بەك كۆپ.مەن باشلاپ

بارسامۇ بولىدۇ، — دېدى ئانارگۈل خۇدابەردى تەكىتلەپ. دېگەندەك، ئۇ بىرنى بۇ ناھىيەنىڭ باغچى يېزىسىدا يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىپ گۈلە قۇرۇتۇۋاتقان سۇلتان مامۇتنىڭ ئىشى ئورنىغا باشلاپ باردى. بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئۇنىڭ ئاددىيلا بېزەلگەن ۋاقىتلىق ئىشخانىسىدا باشلاندى.

## چىن يۈرەكتىن ئوت يۈرەككە

سۇلتان مامۇت ئۇزاق يىللىق قەدىناس دوستى مىجىت ئېلىنى ئەسلەپ، قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شورىدى.

— مەن مىجىت ئېلى بىلەن 1975- يىلى تونۇشقان، بىز 30 يىللىق دوست. مىجىت ئېلى بىلەن قىلغان ئىشلىرىمىزنى نەچچە كېچە-كۈندۈز سۆزلىسەممۇ تۈگىمەيدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بوياقچىغىلغا بېرىپ ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرسەڭلار، مىجىت ئېلىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئاندىن بىلىسىلەر. مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن مىجىت ئېلىدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك مۇنداق بىرقانچە تەرەپ بار دەپ قارايمەن. بىرىنچىدىن، ھەرقانداق بىر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە رەھبىرىي كادىر مىجىت ئېلىدىن ئۆگىنىشتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىنى سۆيۈش، گۈللەندۈرۈش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھىنى ئۆگىنىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مىجىت ئېلىنىڭ تىنىمسىز ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىلىم-پەننى سۆيۈش، ئىلىم-پەنگە تايىنىش روھىدىن ئۆگىنىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، بارلىق ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى، بارلىق ۋاقتىنى خىزمەتكە بېغىشلاش، خىزمەت داۋامىدا سەممىي، مەسئۇلىيەتچان، ئادىل، پاك-دىيانەتلىك بولۇش

روھىدىن ئۆگىنىش كېرەك. بۇنداق دېيىشىم، مەن مىجىت ئېلى بىلەن 30 يىل ھەمكارلاشتىم. چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتىم. ۋىجدانىم بىلەن ئېيتقاندا، مىجىت ئېلىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى مېنى كۈچلۈك ئويغا سالدۇ. مەن قايىل. ئەگەر ئۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن بولسا نەچچە مىليون يۈەننىڭ ئىگىسى بولغان بولاتتى، نەچچە شىركەت، زاۋۇت قۇرغان بولاتتى. بىراق، مىجىت ئېلى ئۇنداق قىلمىدى. كەنت كوللېكتىپى ئۈچۈن، كەنت خەلقى ئۈچۈن ئىشلىدى. بۇنداق روھ ھازىرقى دەۋردە ئىنتايىن قىممەتلىك، — دېدى سۇلتان مامۇت چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

كېيىن سۇلتان مامۇت بىزگە كىتابىمىزدا بايان قىلىنغان ئۈرۈق يېتىشتۈرۈش، يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىش ھەققىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئەسلەپ بەردى.

## سەپداشلار قەلبىدىكى سېغىنىش ئوتى

بىر بوياقچىغىل كەنتىگە بارغاندا، مىجىت ئېلى ھايات ۋاقتىدا كەنت باشلىقى بولۇپ، مىجىت ئېلى بىلەن 11 يىل بىللە ئىشلىگەن، ھازىر كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئابلىز قۇربان ئاكا بىزگە كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا دېيىلگەن نۇرغۇن ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن :

مىجىت ئېلىنىڭ ۋاپاتىغىمۇ تۆت يىل بولۇپ قالدى. مەن مىجىت ئېلىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەش جەريانىدا مىجىت ئېلىنىڭ قاتمۇقات قىيىنچىلىق، زىددىيەتلەرنى يېڭىپ جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنى، بىر قولىدا كەنتنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى، بىر

www.uyghurkitap.com

قولىدا كەنتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، كەنت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇدۇم. ئۇنىڭ نۇرغۇن پەزىلەتلىرى مېنىڭ خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئىشلىشىمگە تۈرتكە بولدى. مەن ئۇ بەرپا قىلغان ئۆرۈك، ئانار، ئۈزۈملۈك بازىسى، پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرۈش، باقمىچىلىق بازىسى، شۇنىڭدەك كەنت ئىگىدارچىلىقىدىكى زاۋۇتلارغا بارغىنىمدا، ئۇ سالدۇرغان مەكتەپ، كەنت قورۇسىغا كىرگىنىمدە، ئېگىز سۇ مۇنارىغا قارىغىنىمدا، قۇدۇقلاردىكى سۇلارنى كۆرگىنىمدە مىجىت ئېلى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن بەكلا سۆيۈنىمەن!

خانئېرىق بازىرى ئوداقا 10 ـ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى نىياز مەمەت بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن:

— بۇ ئىش بەك ياخشى بوپتۇ، مىجىت ئېلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن، بىز ئاساسىي قاتلام كەنت كادىرلىرىنىڭ ئۈلگىسى. بۇنداق ئۈلگىنى تەشۋىق قىلماي بولمايدۇ. بىزنىڭ كەنت بوياقچىغىل بىلەن قوشنا. مەنمۇ 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان كەنت خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. مۇشۇ جەرياندا مىجىت ئېلى ماڭا ۋە بىزنىڭ كەنتكە ناھايىتى كۆپ ياردەملەرنى بەردى. بىز نەچچە ئون يىل يېزىدا، ناھىيەدە ئېچىلغان يىغىنلارغا بىللە باردۇق. بىر ياتاقتا ياتتۇق. مىجىت ئېلى ساپ دىل، ئوچۇق ـ يورۇق، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، ئىستىلى دۇرۇس، بىلگىنىنى ئەلدىن ئايىمايدىغان كىشى ئىدى. ئۇ يىغىنلاردا ياخشى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ياتاقتا بولسا ئۆزىنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى، كەنتنى گۈللەندۈرۈشتىكى يوللىرىنى سۆزلەپ ماڭا يول كۆرسىتىپ

بېرەتتى. مىجىت ئېلى دائىم ماڭا: «سەن تىرىشمىساڭ، ئىزدەنمىسەڭ، يېڭىلىق ياراتمىساڭ، ئۇداقاغا ماس كېلىدىغان، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان تەرەققىيات يولىنى تاپمىساڭ پۈتتىرەپ تۇرالمايسەن» دەيتتى ۋە ياخشى تەكلىپلەرنى بېرەتتى. بىز مىجىت ئېلىنىڭ تەكلىپ بېرىشى بىلەن كەنت كادىرلىرىنى ياشلاشتۇرۇش، بىلىملىك، قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا قويۇش، يەرلەرنى ئېنىقلاش، ئارتۇق چىققان يەرلەرنى ھەقلىق ھۆددىگە بېرىش ئىشلىرىنى قىلغانىدۇق. بۇ ئارقىلىق كەنت جۇغلانمىسىنى كۆپەيتكەن، باقمىچىلىقنى چىڭ تۇتۇپ تەرەققىي قىلدۇرغان، بىز يەنە ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن ئائىلىلەردە قوتان، باغ، پارنىك، پاتقاق گازى بولغان تۆت بىر گەۋدىلەشكەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان. نەتىجىدە ئۈنۈمى ياخشى بولدى. ئۇداقا كەنتىنىڭ كىشى بېشى كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ، 2008 - يىلى 3320 يۈەنگە يەتتى.

— مەن كەنت باشلىقى بولغاندا، كەنتتە ئولتۇرغۇدەك بىرمۇ شىرە - ئورۇندۇق يوق ئىدى، بۇنى كۆرگەن مىجىت ئېلى 14 دانە ساپا، چاي شىرەسى ياردەم قىلىپ ئىككى ئىشخانىغا قويۇپ بەردى. 2002 - يىلى مىجىت ئېلى بىزنىڭ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز ئۈچۈن 54 مىڭ يۈەن قىممىتىدە توققۇز كالا ياردەم قىلدى. قىسقىسى، مىجىت ئېلى بىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى. كەنت ۋە دېھقانلارنى باي قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## بۈيۈك روھ جەم بولغان ئائىلە

مىجىت ئېلىنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمىزدا، مىجىت ئېلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئايالى ۋە بەش پەرزەنتى ئۆيدە بار ئىكەن. ئۇلار ناھىيەدىن چىققان، يېزىدىن كەلگەن رەھبەرلەر ۋە بىزنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشتى. باللارنىڭ بىرسى داستىخان سالسا، بىرسى چاي دەملىدى. بىرسى تاۋۇز پىچسا، بىرسى قوغۇن پىچاتتى. بىز تاپانچا شەكلىدە ئىككى يۇرۇش قىلىپ سېلىنغان، ئالدىغا ئون تۆۋرۈك قويۇپ يېپىلغان قوش پېشايۋانلىق سۇپىنىڭ بىرسىدە ئولتۇرۇپ داستىخاندىكى نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ مىجىت ئېلىنىڭ ئايالى ئايتىللاخان ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدۇق.

ئايتىللاخان ھەدە بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، كۆزىگە لۆممىدە ياش ئېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان چوڭ قىزى پاتىگۈل، ئامانىسا، نۇربىمانگۈللەرنىڭمۇ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلدى. داستىخاندا مېھمانلارنى كۈتۈۋاتقان ئىككى ئوغۇلنىڭمۇ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. بىز ئۇلارنىڭ دىل يارىسىنى قوزغاپ قويغىنىمىزدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇق ۋە چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆمدۇق.

— رەھمەتلىك مىجىت ئېلىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى، نېمە ئىشلارنى قىلغىنىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. لېكىن، مەندىن باشقىلارنىڭ يەنە نۇرغۇن بىلمەيدىغان تەرەپلىرى بار. رەھمەتلىك كەنتىنىكى ھەممە نەرسىگە سىنچىلاپ قارايتتى، نەدە نېمە بار، شۇنى بىرمۇبىر بىلەتتى. ئاددىيسى، كىمنىڭ ئۆيىدە كالا موزايلىدى، كىمنىڭ قويى تۇغدى، كىم بوردىغان كالا، قويىنى نەچچە پۇلغا ساتتى، قانچىلىك پايدىغا ئېرىشتى، ئۇنى تولۇق بىلەتتى. ئەمما، ئۆيىدىكى كالا موزايلىدىمۇ، قوي تۇغدىمۇ ئۇنى بىلمەيتتى. ئۇ ھەر كۈنى شۇنچىلىك ئالدىراش

ئۆتەتتىكى، قورسقى ئاچقانىنمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى......

— دادامنى ئانام ئەڭ چۈشىنەتتى، ئانامنىڭ نەچچە قېتىم كايىپ، دادامغا تاماقنى ۋاقتىدا يېمىدىڭىز دەپ غەلۋە قىلغىنىنى كۆرگەن مەن. تەكشۈرۈش داۋامىدا بىلگەنلىرىمىز، دادام باشقىلارنىڭ ئىشىنى دەپ ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئادەم! — دېدى 1995 - يىلىدىن 1998 - يىلىغىچە ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇغان، ھازىر قەشقەر شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقان مىجىت ئېلىنىڭ چوڭ قىزى پاتىگۈل، — دادام بەك بىلىم سۆيەر ئىدى، تېخنىك دېسە جاننى بېرەتتىكى، ھېچ نەرسىنى ئايىمايتتى. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۇ ھويلىمىزنىڭ ئاۋۇ توغرا بېشىدىكى قاتار ئۆيلەر جاڭشۆشياڭ تاغام كۆكتات تېرىغىلى كەلگەندە سېلىنغان. دادام «ئۇ خەنزۇ يولداش، بىزنىڭ يۇسۇنلىرىمىزغا كۆنۈپ كېتەلمەيدۇ» دەپ مەخسۇس سالغان ئۆيلەر ئىدى. كېيىن بۇ ئۆيلەر سۇلتان مامۇت ئاكام بىر - نەچچە تېخنىكنى باشلاپ سورتلۇق بۇغداي ئۇرۇقى، كېۋەز ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈشكە كەلگەندە، خاڭ رېشى تاغام پىلىچىلىكنى ئۆگەتكىلى كەلگەندە ياتاق قىلىپ بېرىلگەن. ئۇلار بۇ ئۆيلەردە ئالدى ئۈچ يىل، كەينى ئالتە ئاي يېتىپ - قوپتى. بىز ئۆيلەرنى ئۇلارغا بېرىۋەتكەچكە، نەچچە جان كىشى بىر ئېغىز ئۆيدە قىستىلىپ ياتاتتۇق. ئانام ئۇلارغا تاماق ئېتەتتى.

دادام پەرزەنتلىرىگە بەكمۇ كۆيۈنىدىغان ئادەم ئىدى. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزنى چىڭ تۇتاتتى. دادام: «بىز دېھقان، بىزنىڭ يىلتىزىمىز يېزىدا» دەپ، ئارزۇسى بويىچە مېنى يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇتتى. سىڭلىم ئاتىگۈل شىنجاڭ ھاۋارايى مەكتىپىدە ئوقۇدى. ھازىر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك دۆڭ يې

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. سىڭلىم ئامانىسا شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېلىپ ئوقۇۋاتىدۇ. سىڭلىم نۇرىمانگۈل سانجى ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتىدۇ. ئىنىم ئابدۇۋەلى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئىنىم ئابدۇغېنى بۇ يىل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتتى. ئۇمۇ ئوقۇشقا بېرىش ئالدىدا تۇرىدۇ. كىچىك ئىنىم تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتىدۇ. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن بۇنى كىچىك ئىش دەپ قارىمايمەن. چۈنكى، بوياقچىغىلدەك ياقا يۇرتتا بىر ئائىلىدىكى پەرزەنتلەردىن بىرەرسىمۇ قالماي ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ، دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىش يوق دېيەرلىك. بۇنى مەن دادامنىڭ ئۆگىنىشىمىزنى چىڭ تۇتقانلىقىدىن، بىلىمگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن بولغان دەپ قارايمەن.

## خاڭ رىشى

— مەن دادامدىن پەخىرلىنىمەن، — دەپ سۆز باشلىدى تۇرقىدىن چىچەنلىكى ۋە زېرەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئامانىسا، — بىزگە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ، دادامنىڭ دوستلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ياردىمىمۇ ئاز ئەمەس. دادام قازا قىلغاندا تەشكىل مېنى كېچىلەپ خاڭجۇدىن بوياقچىغىلغا ئېلىپ كەلدى. مەن قەدىردان دادامنىڭ يۈزىنى كۆرۈۋالدىم. ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ خاڭجۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرىغا ئوقۇشقا بارغىنىمدا، دادامنىڭ دوستى، پىشقەدەم تېخنىك خاڭ رىشى تاغام مېنىڭ خاڭجۇغا ئوقۇشقا كەلگىنىمنى

دادامدىن ئۇقۇپ، خاڭجۇدىكى ئائىلىسىدىن بېرىپ دائىم مېنى يوقلاپ تۇردى. ھېيت - بايراملاردا مېنى ۋە دوستلىرىمنى ئائىلىسىگە ئېلىپ كېتىپ مېھمان قىلدى. كېسەل بولۇپ يېتىپ قالسام دەرھال كېلىپ دوختۇرغا ئېلىپ باردى. تەتىل مەزگىللىرىدە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ بېلەت ئېلىپ، دادىڭىزغا ئالغاچ كېتىڭ دەپ سوۋغا - سالام ئېلىپ شىنجاڭغا يولغا سېلىپ قويدى. خاڭ رېشى تاغام دادامنى ماختاپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ : «مجىت ئېلى قالتىس ئادەم. مېنىڭ دادىڭىز بىلەن بولغان دوستلۇقۇم چوڭقۇر. بىز يۈز كۆرۈشمىگىلى نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، دائىم تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. مەن مجىت ئېلىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىسى بولغىنىنى گېزىتتىن كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولدۇم. مجىت ئېلى شۇنداق شەرەپلەرگە مۇناسىپ ئادەم. مەن سىلەرنىڭ ئۆيدە ئۈچ يىل تۇرغان. ئانىڭىز تاماق ئېتىپ بەرگەن. بىز سىزگە قانچە قىلساق ئەرزىيدۇ» دەيتتى. دادام باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ئامراق ئادەم ئىدى، ئۇ دوستلۇقنى ھاياتنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيتتى. ئۇ باشقىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشىنى تەمە قىلمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ھامان ياخشىلىق بىلەن ياناتتى. مەن دادامنىڭ ياخشىلىق ياخشىلىق بىلەن يانىدۇ دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى كېيىن بىلدىم. چۈنكى، دادام ياخشىلىق قىلغان خاڭ رېشىغا ئوخشاش ئادەملەر بىزگە ياخشىلىق قايتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھىممەتلىك قوللار

— دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىز كۆپ تەرەپنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشتۇق، — دېدى پاتىگۈل ھاياجان بىلەن بىزگە، — بولۇپمۇ بىز پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ كۆپ غەمخورلۇقىغا ئېرىشتۇق. دادام قازا قىلغان كۈنى يېڭىشەھەر ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاۋ گاڭ (ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئىشلىتىڭلار دەپ 10 مىڭ يۈەن بەردى. جاڭ جيەن(ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى) دادامنىڭ نەزىرسىنى بېرىدىغان چاغدا بىزنىڭ ئۆيگە نەزىرگە يېتەرلىك ئۇن، گۈرۈچ، ياغ، گۆش ئېلىپ چىققاندىن باشقا، 10 مىڭ يۈەن پۇل قويۇپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، خانئېرىق بازارلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى يىڭ شۇجىمۇ سىڭلىم ئوقۇشقا بارىدىغان چاغدا 7000 يۈەن ياردەم قىلدى. ئانام كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، ئانامنى داۋالىتىش ئۈچۈن 5000 يۈەن بەردى. يىڭ شۇجى ھېيت - بايراملاردا ئۆيىمىزگە كېلىپ بىزنى يوقلاپ تۇردى. ئۇن، ياغ، گۈرۈچ ئەكېلىپ بەرگەندىن باشقا، قۇربانلىق قىلىڭلار دەپ ھەر يىلى بىردىن قوي ئەكېلىپ بەردى.

بىز دادامنىڭ ئاجايىپ ئادەملىكىنى كېيىن تېخىمۇ بىلدۇق. گۇاڭجۇ دېيى گۇرۇھىنىڭ لىدىرى لى سەنيۈەن ئەپەندى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىغا 10 مىڭ يۈەن ياردەم قىلماقچى بولىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تەشكىل لى سەنيۈەن

ئەپەندى ياردەم قىلغان 10 مىڭ يۈەننى ئىنىم ئابدۇۋەلىنىڭ ئوقۇشىغا بەردى. لى سەنيۈەن ئەپەندى تەشكىل ئارقىلىق ئۆزى ياردەم قىلغان پۇلنىڭ ئىنىم ئابدۇۋەلىگە بىرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولغان. ئۇ بىزنىڭ ئائىلە ئەھۋالىمىزنى ئۇقۇپ، دادامغا بولغان كۆچلۈك سېغىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇلتۇر يازلىق تەتىلدە ئالايىتەن بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. ئۇ:

— مەنمۇ دادامدىن 13 يېشىمدا قالغان. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆسۈپ يېتىلدىم. سەنمۇ داداڭدىن 13 يېشىڭدا قاپسەن. مەن سېنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچە كېتىدىغان چىقىمىڭنى ئۈستۈمگە ئالىمەن، ياخشى ئوقۇغىن. تەشكىلنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، داداڭ ئۆز ھاياتىنى يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە، يۇرت خەلقىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئاتاپ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغانىكەن، جياڭ زېمىن، خۇجىنتاۋ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەن ئادەم ئىكەن. مېنىڭ پۇلۇم ئىنتايىن جايىدا ئىشلىتىلىپتۇ. ئوغۇل دېگەن دادىنىڭ ھاياتىنىڭ داۋامى. سەن داداڭنىڭ ئىزىنى باس. داداڭنىڭ ھاياتى داۋاملاشسۇن، ھاياتلىق ياشارسۇن، — دېدى.

بىز لى سەنيۈەن تاغىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولدۇق. دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيەنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر-بىرىگە كۆيۈنىدىغان، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىدىغان ئىللىق بىر چوڭ ئائىلىنى ھاسىل قىلغانلىقىغا قايىل بولدۇق.

مانا بۈگۈن تەشكىل يەنە دادامنىڭ ئىش ئىزلىرىنى يېزىشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇ بىزنىڭ بەختىمىز. دادام بوياقچىغىلىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ

پەخرى. بىز دادىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. دادىمىزنىڭ ئورۇنلاپ بولالمىغان ئىشلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە قىلغان غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئىشلەيمىز. بىز مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزگە غەمخورلۇق قىلغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا، شەخسىيلەرگە چىن دىلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

پاتىگۈل مىجىتنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئاۋازى بوغۇلۇپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

## نۇرانە ئىز، شانلىق ئۆتۈق، مەڭگۈلۈك شەرەپ

مىجىت ئېلى، ئەر، ئۇيغۇر، 1952 ـ يىل 7 ـ ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى خانئېرىق بازىرى بوياقچىغىل 9 ـ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە. 1968 ـ يىلى خىزمەتكە قاتنىشىپ مەھەللە خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1974 ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1974 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1978 ـ يىلغىچە يېڭىشەھەر ناھىيەسى خانئېرىق بازىرى بوياقچىغىل 9 ـ كەنتىنىڭ مۇئاۋىن كەنت باشلىقى بولغان. 1978 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1994 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە بوياقچىغىل كەنتىنىڭ كەنت باشلىقى بولغان. 1994 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا قازا قىلغانغا قەدەر بوياقچىغىل كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولغان. ئۇ 1999 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 2004 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە يەنە خانئېرىق بازىرى خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، بوياقچىغىل كەنتى



www.uyghurkitap.com

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولغان. يېڭىشەھەر ناھىيەلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق 8 - ، 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

مىجىت ئېلى 1996 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىسى، 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام كادىرى بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەنگەن. 1990 - يىلى، 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارى، 1998 - ، 2000 - يىلى ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، 1996 - ، 1998 - ، 1999 - ، 2000 - ، 2003 - ، 2004 - يىللىرى ناھىيە بويىچە ئىلغار پارتىيە ئەزاسى، 2003 - يىلى ناھىيە بويىچە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالانغان.

مۇئەللىپ مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىدا قەلەم تۇتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى. بوغۇزى ئېچىشىپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئۇ بوياقچىغىلدا كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق مىسرالارنى تىزدى:

نەقەدەر ئۇلۇغ - ھە ئۇشبۇ ھاياتىڭ،
شەرىپىڭ - شانىڭدىن زوقلاندى ھەركىم.
ئەجرىڭدىن، مېۋەڭدىن كۈلگەن ھەر گىياھ،
ياش تۆكتى سەن كەتسەڭ بۇلۇتلار سىم - سىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# خاتىمە

بىز مىجەت ئېلىنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىلدۇق. مىجەت ئېلىنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى كەڭ كەتكەن ئېتىزلاردىكى ئۆزۈملۈك، تاۋۇزلۇقتا قاراپ تېخى ھازىرلا ئۇنىڭ ئائىلىسىدە كۆرگەن باش شوجى خۇجىنتاۋ بىلەن مىجەت ئېلىنىڭ كەنت ھويلىسى ۋە تاۋۇزلۇقتا چۈشكەن، مەڭگۈلۈك كارتىنا بولۇپ قالغان سۈرەتلىرى كۆز ئالدىمىزدا قايتا گەۋدىلەندى.

بىز ماشىنىدا كېتىۋېتىپ بوياقچىغىلىنىڭ يېشىللىقا پۈركەنگەن زېمىنىغا، دېھقانلارنىڭ رەت-رەت ئۆيلىرىگە، ماي ياتقۇزۇلغان كەنت يوللىرىغا، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك سۇ مۇنارىغا، كەنت ھويلىسى ۋە كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە جەۋلان قىلىپ تۇرغان بەش يۇلتۇزلۇق قىپقىزىل دۆلەت بايرىقىغا، تەكلەردىن مارىلىشىپ تۇرغان ئامېرىكا قىزىل ئۆزۈمىگە، ئېتىزلاردا ساينىڭ تېشىدەك ياتقان تاۋۇزلارغا، قاتار كەتكەن كۆكتات پارنىكلىرىغا، يېنىمىزدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ماشىنا، ئاپتوبۇس، تىراكتورلارغا زوقمەنلىك بىلەن قارىدۇق. مېھنەت ياشارتقان بۇ يۇرت شۇنداق گۈزەل ئىدى. ماشىنا كەنتنى ئايلىنىپ چوڭ يولغا چىقتى. يولنىڭ ئۇ چېتىدە مىجەت ئېلىنىڭ ئاددىي قەبرىسى چوقچىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئاددىي قەبرە بىزگە ھەممىنى دەپ بېرەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنداق، غايە، ئارزۇ بۇيۇكتۇر،

ئۇنىڭ داۋامى، راۋاجى بولىدۇ. لېكىن، ناھايىتى چەكلىك ھايات غايە، ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بوغۇپ قويىدۇ. مىجىت ئېلىنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە نۇرغۇن غايە، ئارزۇ - ئىستەكلەر بار ئىدى. ئاشۇ ئارزۇ- ئىستەكلەر ئەمەلگە ئاشقان بولسا ئىدى، مىجىت ئېلى ئارمانسىز كەتكەن بولاتتى. بىز نېمىلا دەيلى، ھايات چەكلىك. چەكلىك ھاياتتا باشقىلارغا چەكسىز خىزمەت قىلىشتىن ئۇلۇغ ئىش يوق. شۇڭا، بۇنداق ھايات ئەڭ مەنىلىك ھايات، مەڭگۈ يادلىنىدىغان ھايات!

ئەلۋىدا! دېھقان ئوغلى، روھى پاك ئەزىمەت مىجىت ئېلى!

2009-يىل ئاۋغۇست، يېڭىسار

2010 - يىل يانۋار، قەشقەر

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ئورۇنلار:

**قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى**

**قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى**

**يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى**

**يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ئورۇقچىلىق پونكىتى**

**يېڭىشەھەر ناھىيەسى خانئېرىق بازىرى بوياقچىغىل كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى، ئاھالىلەر كومىتېتى**

سۈرەت بىلەن تەمىنلىگۈچى:

**قەشقەر شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن پاتىگۇل مىجىت**

本书讲述全国优秀共产党员、全国劳动模范、全国民族团结模范、基层村支部书记米吉提·艾力在艰苦奋斗、开拓创新、忠诚于党和人民、带动农民致富道路上的感人事迹。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلاجان سىيت
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمت

ئىتتىپاقلىق ئۆلگىسى، نەمۇنىلىك ئاساسىي قاتلام كادىرى
**مىجىت ئېلى**

پىلانلىغۇچى: **لىيۇ چاڭمىڭ**
ئاپتورى: **ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق**
**ئابلەت جۇمە توپراق**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 5 قىستۇرما ۋارىقى: 4
2010 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2010 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 18420

---

ISBN 978－7－5373－2028－3
باھاسى: 7.40 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 —2653927

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **غەيرەت خالىق**

ISBN 978-7-5373-2028-3

9 787537 320283 >

باھاسى: 7.40 يۈەن